

# تۈركىيە - خىتاي

## جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش
## كېلىشىمنامەسى ھەققىدە مۇلاھىزە دوكلاتى

نەجمىددىن سەھرائوغلى

www.uyghurkitap.com

تۈركيه - ختاي
جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمنامەسى ھەققىدە مۇلاھىزە دوكلاتى


**تەييارلىغۇچى**

نەجمىددىن سەھرائوغلۇ

**نەشرىيات باش باشقۇرغۇچىسى**

در. ئەھمەد ئەمىن داغ

**مۇھەررىر**

ئۇممۇخان ئۆزكان

**ئۇيغۇرچەلەشتۈرگۈچى ئورۇن**

شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى

**Web Editörü**

Sueda Nur Çokadar

**Baskı**

Şubat 2021

**Kapak ve Sayfa Tasarım**

**Nuhun Gemisi /** Nurgül Ersoy



Bu yazının içeriği ile ilgili bütün sorumluluk müellifine aittir.

**©İNSAMER 2021**

Bu eserin tüm hakları mahfuzdur. Sadece kaynak gösterilerek alıntı yapılabilir.


İNSAMER, İHH İnsani Yardım Vakfı’nın araştırma merkezidir.


Karagümrük Mh. Kaleboyu Cd. Muhtar Muhittin Sk. No. 6

PK.34091 Fatih/İstanbul - TÜRKİYE

**www.insamer.com | info@insamer.com.tr**
**Pelikan Basım**

Maltepe Mah. Gümüşsuyu Cad. Odin İş Merkezi No. 28/1
Topkapı/İstanbul

**Tel:** +90 212 613 79 55

DOĞU TÜRKİSTAN İNSAN HAKLARI İZLEME DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى
EAST TURKISTAN HUMAN RIGHTS WATCH ASSOCIATION
مرصد تركستان الشرقية لحقوق الإنسان

# تۈركىيە – خىتاي

## جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمنامەسى
## ھەققىدە مۇلاھىزە دوكلاتى

ئۇيغۇرچەلەشتۈرگۈچى ئورۇن:
شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى

2021- 2

# مۇندەرىجە


4 كىرىش

6 ئاۋۇستىرالىيە ئۆرنىكىدە ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمنامىسى

9 كۆرۈلگەن مەسىلىلەر

9 ئادىل سوتلىنىش ھوقۇقى

11 ئۆلۈم جازاسىنىڭ تەتبىقلىنىش ئېھتىمالى

11 قىيىن - قىستاق، رەھىمسىزلەرچە، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان، خورلىغۇچى مۇئامىلە ياكى جازا

12 كىچىكلەرنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى

13 ئاۋۇستىرالىيەدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن كىشىلەرنى كۆزىتىش

13 تۈركىيە – خىتاي جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈش كېلىشىمى ھەققىدە مۇلاھىزە

25 ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلار

32 تۈرك قانۇنلىرىدا جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ تەتبىقلىنىشى

34 ئۆتكۈزۈپ بېرىش خۇسۇسىدىكى ئۇمۇمىي ھۆكۈملەر ھەققىدە مۇلاھىزە

36 خاتىمە ۋە تەۋسىيەلەر

## كىرىش

2017 - يىلى 14 – 15 - ماي كۈنلىرى تۈركىيە جۇمھۇر رەئىسى رەجەپ تايىيپ ئەردوغان خىتايدا كۆپلىگەن دۆلەت ياكى ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ئىشتىراك قىلغان «بىر بەلباغ بىر يول خەلقئارا ھەمكارلىق يىغىنى»غا قاتناشتى. يىغىندىن بىر كۈن بۇرۇن خىتاي دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن رەئىس ئەردوغان باشچىلىقىدىكى تۈرك ۋە خىتاي ئۆمەكلىرى ئارىسىدا ئۆزئارا كۆرۈشۈشلەر ئېلىپ بېرىلدى. بۇ كۆرۈشۈشلەر ئەسناسىدا، «تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدا جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمنامىسى» تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئەدلىيە مىنىستىرى بەكىر بوزداغ بىلەن خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى تەرىپىدىن ئىمزالاندى[(1)].

كېلىشىم، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ 90 - ماددىسىغا ئاساسەن تەستىقلىنىش ئۈچۈن 2019 - يىلى 12 - ئاپرېل كۈنى رەئىس ئەردوغان تەرىپىدىن تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى (ت ب م م / TBMM) گە يوللانغان. تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى رەئىسى مۇستافا شەنتوپ قانۇن تەكلىپىنى 1978/2 ئاساس نومۇرى بىلەن قەيت قىلىپ، 2019 - يىلى 26 - ئاپرېلدا قاراپ چىقىلىشى ئۈچۈن مەجلىسكە سۇنغان.

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى 24 دۆلەت بىلەن جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمنامىسى ئىمزالىغان بولۇپ ، بۇ دۆلەتلەر: ئالجىرىيە، ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى، ئاۋۇستىرالىيە، پاكىستان، پولشا، تاجىكىستان، تۇنىس، رۇسىيە، سۇرىيە ، شىمالىي قىبرىس تۈرك جۇمھۇرىيىتى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، كوسوۋو، كۇۋەيت، لىۋان، لىۋىيە، ماراكەش، موڭغۇلىيە، مىسىر، ھىندىستان، ئۆزبېكىستان، ئىراق، ئىران ۋە ئىئوردانىيە قاتارلىقلاردۇر[(2)].

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى تور بېتىنىڭ 2018 - يىلى 10 - ئايدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، خىتاي بىلەن 75 دۆلەت ئوتتۇرىدا ئەدلىيە ھەمكارلىقى، مال - مۈلۈك قايتۇرۇش ۋە تەقسىملەش كېلىشىمى، ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى ۋە «تېرورىزم، بۆلگۈنچىلىك ۋە ئاشقۇنلۇق»قا قارشى كۈرەش قاتارلىق 128 ى تەستىقلانغان 160 كېلىشىمنامە ئىمزالانغان. ئىمزالانغان كېلىشىمنامىلەرنى تەپسىلىراق ئېيتقاندا، ھەممىسى ماقۇللانغان 19 ھەق تەلەپ جىنايى ئىشلار ئەدلىيە ياردەم شەرتنامىسى، 35 ى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان 44 ئەدلىيە جىنايى ھەمكارلىق كېلىشىمى، تېخى تەستىقلانمىغان بىر (1) مۈلۈك قايتۇرۇش ۋە ئورتاقلىشىش كېلىشىمى، 18 ى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان 20 ھەق تەلەپ ۋە سودا ئەدلىيە ھەمكارلىق كېلىشىمى، تامامى تەستىقلانغان يەتتە (7) بۆلگۈنچىلىك، ئاشقۇنلۇق ۋە تېرورىزمغا قارشى كۈرەش ئەھدىنامىسى، 12 سى ئىجرا

(1) كېلىشىمنىڭ تېكىست ھۆججىتى ئۈچۈن (تۈركچە، خىتايچە ۋە ئىنگلىزچە) قاراڭ: “Türkiye Cumhuriyeti ile Çin Halk Cumhuriyeti Arasında Suçluların İadesi Anlaşması” («تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدا جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمنامىسى») https://www2.tbmm.gov.tr/d27/2/2-1798.pdf (ئۇشبۇ مۇلاھىزىدە قوللىنىلغان مەنبەلەرنىڭ ئاخىرقى ئۇلىنىشى 2021 - يىلى 21 - يانۋار كۈندىكى ئۇلىنىش بولۇپ، مۇلاھىزىنىڭ داۋامىدا قايتا ئەسكەرتىلمەيدۇ.)

(2) «قانۇن، تىجارەت ۋە جىنايى ئىشلار قاتارلىق خۇسۇسلاردا ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋەتلەر»، 2021-01-19، https://diabgm.adalet.gov.tr/arsiv/sozlesmeler/ ikili.html؛ بۇلاردىن باشقا يەنە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئا ق ش، ئالبانىيە، ئاۋستىرالىيە، ئەزەربەيجان، ئەنگلىيە، برازىلىيە، بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا، بۇلغارىيە، بېلورۇسىيە، پاكىستان، پولشا، تاجىكىستان، تۇنىس، تۈركمەنىستان، چېخىيە، خىتاي، رۇسىيە، رۇمىنىيە، سلوۋاكىيە، سلوۋېنىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، شۋېتسارىيە، شىمالىي قىبرىس تۈرك جۇمھۇرىيىتى، شىمالىي ماكېدونىيە، قاراتاغ، قازاقىستان، قىرغىزىستان، كانادا، كرۇدىيە، كوسوۋو، كۇۋەيت، گرۇزىيە، گېرمانىيە، لىتۋا، لىۋان، لىۋىيە، ماراكەش، موڭغۇلىيە، مولدوۋا، مىسىر، ھىندىستان، ۋېنگرىيە، ئومان ئۆزبېكىستان، ئۇكرائىنا، ئىتالىيە، ئىراق، ئىران ۋە ئىئوردانىيە قاتارلىق ئەللەر ئارىسىدا جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، جازالاندۇرۇش ئىشلىرىدا ئۆزئارا ياردەملىشىش، قانۇن ۋە تىجارەت ساھەلىرىدە ئەدلىيە ھەمكارلىق توختىمى، ھۆكۈم كېسىلگەن جىنايەتچىلەرنى يۆتكەش كېلىشىمى ۋە باشقا بىخەتەرلىك كېلىشىم، ئەھدىنامىلەر مەۋجۇتتۇر.

www.uyghurkitap.com

قىلىنىشقا باشلىغان جىنايەتچىلەرنى يۆتكەشكە دائىر 14 كېلىشىمنامە ۋە 37 سى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان 55 جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمنامىسى قاتارلىقلار بار[3].

ئۇشبۇ مۇلاھىزىنىڭ باش تېمىسى بولغان «جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمنامىسى»نى خىتاي بىلەن 39 دۆلەت[4] رەسمىي ماقۇللىغان بولسىمۇ، يەنە 18 دۆلەت ئاللىبۇرۇن ئىمزالىغان بولۇشىغا قارىماي، تېخى ماقۇللىمىغان. ئۇ ئەللەر تۆۋەندىكىچە: ئارگېنتىنا، ئاۋۇستىرالىيە، باربادوس، بېلگىيە، تۈركىيە، چىلى، زىمبابۋې، سېنېگال، جەنۇبىي سىپرۇس، سىرلانكا، كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى، كېنىيە، گرېنادا، ماراكەش، ماۋرىتىئۇس، ئېكۋادور، ۋېيېتنام قاتارلىقلار.

خىتاي تاراتقۇلىرى، تۈركىيە ۋە خىتاي ئىككى تەرەپ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى ئوتتۇرىسىدا 2020 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مەزكۇر خۇسۇس بىلەن ئالاقىدار مەزمۇنلارمۇ تىلغا ئېلىنغان بىر قېتىملىق تېلېفون كۆرۈشىشى ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى، كۆرۈشۈشتە تېرورلۇققا قارشى كۈرەش باسقۇچىنىڭ سىياسىيلاشتۇرۇلۇشتىن، تۆتقا قىلىنىشتىن ۋە قوش ئۆلچەم (ستاندارت) گە تېما بولۇشتىن چەكلىنىشى كېرەكلىكى ھەققىدە بىرلىككە كېلىنگەنلىكىنى، تۈركىيە تەرەپنىڭ خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلىكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخل يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق بىر قىلمىشقا رۇخسەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قانۇن تەكلىپىنىڭ پارلامېنتتا مۇزاكىرە قىلىنىشقا باشلايدىغانلىقى ھەققىدە بىرلىككە كېلىنگەنلىكىنى يازغان[5]. ئارقىدىن تۈركىيە - خىتاي جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمنامىسى 2020 - يىلى 22 – 26 - دېكابىردا بېيجىڭدا ئېچىلغان 13 - قېتىملىق مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 24 - يىغىنىدا ماقۇللانغاندىن كېيىن، تۈركىيەدىمۇ كۈنتەرتىپكە كەلگەن[6]. لېكىن، كېلىشىمنامە قوبۇل قىلىنسا، خىتاينىڭ ئېغىر بولغان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكلىرى ۋە 2017 - يىلى ئاپرېل ئېيىدىن ئېتىبارەن شەرقىي تۈركىستاندا داۋام قىلىپ كەلگەن كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ۋە دۇنياغا يېيىلىق بولغان جازا لاگېرلىرى[7] سەۋەبلىك تۈركىيە تولىمۇ قىيىن بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. قانۇن تەكلىپى ماقۇللانسا، تۈركىيە خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن ھەققىدە غىيابىي ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى بېيجىڭغا يوللاپ بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ.

## ئاۋۇستىرالىيە ئۆرنىكىدە ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى

ناھايىتى ئۇزۇن يىللار دۇنياغا ئىشىكنى تاقاپ، يېزا ئىگىلىك مەركەزلىك ئىقتىساد سىياسىتى يۈرگۈزگەن خىتاي، ماۋ زېدوڭدىن كېيىن رېلىس ئالماشتۇرۇپ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە دۆلەت ئىچىدىمۇ كۆرۈنۈشتە مەلۇم دەرىجىدە ئەركىن بىر سىياسەت يولىغا كىردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، 1978 - يىلى كىشى بېشى ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى 155 دوللار سەۋىيىسىدە بولغان خىتاي، بۇ رەقەمنى 2010 - يىلى 8,200 دوللار سەۋىيىسىگە

---

(3) «ئەھدىنامە ۋە كېلىشىمنامىلەرنىڭ مەجمۇئەسى (条 约 与 协 定 汇 总)»، 2018-12-12 ئۇلىنىش: http://www.gd.jcy.gov.cn/jcyw/sfxz/flfgytyxd/201812/t20181212_2440091.shtml.

(4) ئافغانىستان، ئالجىرىيە، ئانگولا، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، ئەزەربەيجان، بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا، بۇلغارىيە، بېلورۇسىيە، برازىلىيە، پاكىستان، پورتۇگالىيە، پېرۇ، تاجىكىستان، تايلاند، تۇنىس، جەنۇبىي ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى، روسىيە، رۇمىنىيە، فرانسىيە، فىلىپپىن، قازاقىستان، قىرغىزىستان، كامبودژا، كورېيە، لائوس، لېسوتو، لىتۋا، موڭغۇلىيە، مېكسىكا، نامىبىيە، ھىندونېزىيە، ئۇكرائىنا، ئۆزبېكىستان، ئېفىئوپىيە، ئىتالىيە، ئىران، ئىسپانىيە.

(5) «شىنجاڭلىق بۆلگۈنچى كۈچلەر تۈركىيەنىڭ ھىمايىسىنى يوقىتىپ قويىدىغان بولدى (新疆分离主义势力将失去土耳其的庇护)»، 2020-12-24 ئۇلىنىش https://news.creaders.net/china/2020/12/24/2303124.html.

(6) «خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسى» نى مۇزاكىرە قىلىش ۋە تەستىقلاش تەكلىپى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈش (关于提请审议批准《中华人民共和国和 土耳其共和国引渡条约》的议案的说明)»، 2020-12-22 http://www.npc.gov.cn/npc/c30834/202012/155b026cad784bbb97c37f9e5417535f.shtml

(7) مۇرات يىلماز، «شەرقىي تۈركىستاندا يىغىۋېلىش لاگېرلىرى – قەدەممۇقەدەم قەتلىئام (Doğu Türkistan'da Toplama Kampları-Adım Adım Soykırım)»، 2020-07-04، https://insamer.com/tr/dogu-turkistanda-toplama-kamplari-adim-adim-soykirim_3058.html

ئېلىپ چىقتى. بۈگۈن كېلىنگەن نوقتىدا دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىككىنچى ئىقتىسادىي كۈچى بولۇپ قالغان خىتاينىڭ يېقىن كەلگۈسىدە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتىشى كۈتۈلمەكتە. خىتايدا كۆرۈلگەن بۇ مۇھىم ئىقتىسادىي زورىيىش بىلەن بىرگە مەمۇرىي چىرىكلىشىشنىڭ نىسبىتىمۇ خېلىلا ئاشتى. شۇنداقكىم، بۇ ئەھۋال يەرلىك ئىقتىسادىي ئۆرلەشكە تەھدىد سالىدىغان دەرىجىگە يېتىشى بىلەن بېيجىڭ ھۆكۈمىتى چىرىكلىككە قارشى كۈرەش ئىستراتېگىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ (*ئاسماندا تور، يەردە قاپقان ھەرىكىتى*)[8] چېگرا ھالقىغان چىرىكلىك گۇماندارلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئالاقىدار كېلىشىمنامە ئىمزالاشقا باشلىغان.[9]

لېكىن خىتاينىڭ بۇ كېلىشىمنامىلەرنى ئىمزالاشتىكى مەقسىتى پەقەت چىرىكلىككە قارشى كۈرەش قىلىشلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى خىتاي يەرلىك سىياسىي ئۆكتىچىلەر، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇل، خوڭكوڭ (شياڭگاڭ) ۋە بولۇپمۇ مۇرتلىرى مىليوندىن ئاشىدىغان فالۇن گۇڭپىسى تەرىقىتى قاتارلىق ئۆز مەنپەئەتلىرىگە زىت ھەرقانداق ئەھۋال ۋە پائالىيەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىملىرىگە قاتتىق كۆڭۈل بۆلمەكتە. دەرۋەقە، پات - پات نېپالغا ئۆتكەن تىبەتلىكلەر تۇپەيلى خىتاينىڭ بەزىبىر ئىقتىسادىي قوللاش ۋە تۈرلۈك بېسىملىرى نەتىجىسىدە نېپالنىڭ خىتاي بىلەن 2019 - يىلى 10 - ئايدا مەخپىي ھالدا جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمنامىسىنى ئىمزالىغانلىقى بىلىنمەكتە.[10]

خىتاي ئەدلىيە مىنىستىرلىكى 2018 - يىلى 10 - ئايدا بەھرلىگەن بىر ئۇقتۇرۇشقا ئاساسەن، خىتاي بىلەن جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە دائىر كېلىشىمنامە ئىمزالىغان بولسىمۇ، تېخى بۇ كېلىشىمنامىنىڭ رەسمىي يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان پارلامېنت تەستىقىنى ئالمىغان 18 دۆلەت بار. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ بۇ كېلىشىمنامىنى يولغا قويۇشقا ئالاقىدار ئۆز ئالدىغا بەزى سەۋەپلىرى بار. 1 مىليون 200 مىڭدىن كۆپرەك خىتاي ياشايدىغان 25 مىليون نوپۇسلۇق ئاۋۇستىرالىيەمۇ كېلىشىمنامىنىڭ قايسى سەۋەبلەر تۇپەيلى ماقۇللانمىغانلىقى بىلەن ئالاقىدار ئەتراپلىق بىر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بىر قارارغا كەلگەن. ئاۋۇستىرالىيە ئۆرنىكى، تۈركىيەنىڭمۇ يېقىندىلا كۈنتەرتىپكە كەلگەن مەزكۇر ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمنامىسى بىلەن ئالاقىدار ئاخىرقى قارارىنىڭ ئېلىنىشىدا شەكسىز مۇھىم ھەسسە قوشقۇسى.

مۇلاھىزىمىزنىڭ بۇ بۆلىكىدە ئاۋۇستىرالىيە ئۆرنىكىدىن يولغا چىقىپ، «ئاۋۇستىرالىيە - خىتاي جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمنامىسى»نىڭ ماقۇللىنىشى مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك جەريان ئورتاقلىشىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك كېلىشىمنامەنىڭ تېكىستى[11]، كۇۋېنسلاند تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى نىگەل ستوبباس (Stobbs Nigel) نىڭ «ئاۋۇستىرالىيەدىن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنىڭ قانۇنىي ۋە سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى ( The Law and Policy Context of Extradition from Australia to The People’s Republic of Chian)» ناملىق ئەسىرى بىلەن بىرلىكتە قاراپ چىقىلىدۇ[12].

---

(8) Noah E. Lipkowitz, “Why Countries Diverge Over Extradition Treaties With China: The Executive Power to Ext-radite in Comman and Civil Law Countries”, Virginia Journal of International Law, 2019, https://static1.squarespa-ce.com/static/5f0a3654a47d231c00ccd14f/t/5f3fd127dc65a031c8980104/1598017832145/lipkowitz-final-v3-1.pdf

(9) خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 2014 - يىلدىن بۇيان 200 مىڭدىن كۆپرەك تەكشۈرۈش/رازۋېدكا ئېلىپ بېرىپ 70 دۆلەتتىن 2,000 دىن كۆپ قاچقۇننىڭ قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنى ۋە 7.62 مىليارد يۈەن قىممىتىدە قانۇنسىز بايلىقنىڭ قايتۇرۇپ ئېلىنغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.

(10) “Nepal and China Have Signed an Extradition Treaty, Nepal’s Foreign Affairs Minister Confirms”, 24.01.2020, https://freetibet.org/news-media/na/nepal-and-china-have-signed-extradition-treaty-ne-pal%E2%80%99s-foreign-affairs-minister

(11) “Treaty on Extradition between Australia and The People’s Republic of China (Sydney, September 6, 2007)”, 12.09.2016, https://www.aph.gov.au/Parliamentary_Business/Committees/Joint/Treaties/Extradition-Chi-na/Treaty_being_considered

( 12 )https://www.google.com/search?client=opera&q=“Treaty+on+Extradition+between+Australia+and+The+People’s+Republic+of+China+(Sydney%2C+September+6%2C+2007)”%2C+12.09.2016%2C+https%3A%2F%2Fwww.aph.gov.au%2FParliamentary_Business%2FCommittees%2FJoint%2FTreaties%2FExtradition-Chi-na%2FTreaty_being_considered&sourceid=opera&ie=UTF-8&oe=UTF-8

www.uyghurkitap.com

ئاۋۇستىرالىيە بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمنامىسى[13] تۈركىيەدىن ئون يىل قەدەر مۇقەددەم، 2007 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئىمزالانغان. كېلىشىمنامە ئىمزالىنىپ 9 يىلدىن كېيىن، 2016 - يىلى 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاۋۇستىرالىيە پارلامېنتىنىڭ كۈنتەرتىپىگە سۇنۇلغان. پارلامېنت تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئىنچىكە قاراپ چىقىشلار نەتىجىسىدە 2017 - يىلى 3 - ئايدا كېلىشىمنامىنىڭ رەت قىلىنىشى قارارلاشتۇرۇلغان.

بۇ قارار بېرىلىشتىن بۇرۇن ئاۋۇستىرالىيە دۆلەت مەنپەئەتى ئانالىز ئىدارىسى (NIA)، ئاۋۇستىرالىيە باش تەپتىش ئىدارىسى (AGD)، ئاۋۇستىرالىيە قانۇن كېڭىشى (LCA) قاتارلىقلار ئورگانلار، سىياسىيونلار ۋە ئاكادېمىكلەر تەرىپىدىن كۆپ تەرەپلىمە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان. 1 مىليون 200 مىڭدىن ئارتۇق خىتايدىن كەلگەن كۆچمەن نوپۇسقا ئىگە ئاۋۇستىرالىيە بىلەن خىتاي دۆلىتى ئارىسىدا ئىمزالانغان كېلىشىمنامىنىڭ يۈز مىڭلىغان هاياتقا چېتىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئاۋۇستىرالىيەلىك ئالاقىدار ساهەلەر قەدەملىرىنى ئۇشبۇ تونۇش بىلەن ئېتىش ئىرادىسىنى نامايەن قىلدى.

ئاۋۇستىرالىيە دۆلەت مەنپەئەتى ئانالىز ئىدارىسى هەرقانداق ئۆتكۈزۈپ بېرىش هەققىدىكى تەلەپنى جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئالاقىدار خەلقئارالىق قانۇنلار رامكىسى ۋە خەلقئارالىق مەجبۇرىيەتلەر دائىرىسىدە دېپلو سۇپىتىدە مۇئامىلە قىلغان. ئاۋۇستىرالىيە باش تەپتىش ئىدارىسىنىڭ بولسا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئوبيېكتى بولغان هەرقانداق شەخس بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلەرنىڭ هازىرلانغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش مەجبۇرىيىتى بار. بولمىسا تەلەپ رەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، كىشىنىڭ قىيىن - قىستاق ياكى باشقا ۋەهشىيانە، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ياكى خورلاش ۋە ياكى جازاغا تارتىلىش ئېهتىمالى؛ كىشىنىڭ مۇئەييەن سەۋەپلەر بىلەن كەمسىتىشكە ئۇچراش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئەهۋاللار؛ جىنايەتنىڭ سىياسىي ياكى ئەسكىرىي بىر جىنايەت بولۇشى؛ كىشىنىڭ قوش خەتەرگە دۇچ كېلىش مۇمكىنچىلىكى؛ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىش سەۋەبلىك كىشى هەققىدىكى ئەيىبنامىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش هالى؛ كىشى هەققىدە ئۆزى يوق هالدا غىيابىي چىقىرىلغان بىر قارارنىڭ بولۇشى ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن داۋانىڭ قايتىدىن قاراپ چىقىلىدىغانلىقىغا دائىر هېچقانداق كاپالەت بېرىلمەسلىكى؛ كىشىگە يۈكلەنگەن جىنايەتنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىشى تەلەپ قىلىنغان دۆلەتتە جىنايەت هېسابلانماسلىقى قاتارلىق شەرتلەرنىڭ دىققەتكە ئېلىنىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلماقتا.

ئاۋۇستىرالىيە باش تەپتىش ئىدارىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتىنىڭ ئۆلچەملىك بىر جەريان ئەمەسلىكىنى ۋە بۇ جەرياننىڭ هەربىر باسقۇچىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارارىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈلىشى ئۈچۈن تۈرلۈك شەرتلەر هاسىل بولغانلىقىنى ئۇرغۇلىغان.

## كۆرۈلگەن مەسىلىلەر

ئاۋۇستىرالىيە باش تەپتىش ئىدارىسى ۋە ئاۋۇستىرالىيە دۆلەت مەنپەئەتى ئانالىز ئىدارىسى تەرىپىدىن مەزكۇر كېلىشىمنامىنىڭ ئاۋۇستىرالىيە دۆلىتى جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى ۋە يەرلىك قانۇنلار بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدا كاپالەت بېرىلگەن بولسىمۇ، ئىمزالانغان كېلىشىمنامىدە ئورۇن ئالغان ئىنسان هەقلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئالاقىدار ماددىلار هەققىدىكى ئېغىر ئەندىشىلەر ئىپادە قىلىنغان. بۇلار ئادىل سوتلىنىش هوقۇقى، مۇمكىن بولغان ئۆلۈم جازاسى، ئىسپات خاراكتېرلىك ئۆلچەملەر، قىيىن - قىستاق، رەهىمسىزلەرچە، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان، خورلىغۇچى مۇئامىلە ياكى جازادىن قوغدىنىش، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى ۋە خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ كۆزىتىلىشى قاتارلىق مەسىلىلەر.

---

( 13 ) “China Extradition Treatyé”, https://www.aph.gov.au/Parliamentary_Business/Committees/Joint/Treaties/Extradition_China/Report_167/section?id=committees%2Freportjnt%2F024024%2F24292

## ئادىل سوتلىنىش ھوقۇقى

خىتاينىڭ «جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى دەۋا ئادىللىقى ۋە قانۇن بىلەن باشقۇرۇش ئۆلچىمىگە ئەمەل قىلمىغانلىقى» نى ئىسپاتلايدىغان بىر قاتار پاكىتلار بار. بۇ خىتاينىڭ ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇلغان شەخسلەرنىڭ ئادىل سوتلىنىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ ـ قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا سوئال ئىشارىتى پەيدا قىلماقتا. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بۇ ئەندىشىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان خۇسۇسلارنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلەيدۇ:

*«خىتاينىڭ مۇستەقىل ئەدلىيە ئورگىنى يوق. جىنايەتچى دەپ گۇمان قىلىنغان نۇرغۇن كىشىلەر، بولۇپمۇ سىياسىي تەرەپتىن «سەزگۈر» دەۋالاردا جاۋابكار قانۇن مەسلىھەتچىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. قىيىن ـ قىستاق ۋە باشقا ناچار مۇئامىلە شەكىللىرى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن مەجبۇرىي «ئىقرارنامە»لەر، بۇ خىل قىلمىشلارنى چەكلەيدىغان بەزى يېڭى قانۇن، نىزام ۋە سىياسەتلەرگە باقمىغان ھالدا خىتاي جىنايى ئىشلار ئەدلىيە سىستېمىسىدا مۇھىم رولنى داۋاملىق جارىي قىلدۇرماقتا».*

ئاۋۇستىرالىيە قانۇن كېڭىشى، خىتاينىڭ بولۇپمۇ دېموكراتىك دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمىنىڭ چەكلىك ساندا بولۇشىنى، خىتاينىڭ بۇ مەسىلىدىكى كەچمىشىگە ئالاقىدار ئومۇمىي ئەندىشىنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە ئىلگىرى سۈرمەكتە. خىتاينىڭ ئامېرىكا، ئەنگىلىيە، كانادا ياكى يېڭى زېلاندىيە بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى يوق. شۇنداقلا بۇ دۆلەتلەردىن باشقا، فرانسىيە، فىنلاندىيە، گوللاندىيە، گېرمانىيە ۋە ئىرېلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەر خىتاينىڭ خوڭكوڭ (شياڭگاڭ) دا يېڭى ئەدلىيە قانۇنىنى يولغا قويۇشىدىن كېيىن، خوڭكوڭ بىلەن بولغان ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمىنى ۋاقىتىنچە توختاتتى(14).

ئاۋۇستىرالىيە قانۇن كېڭىشى يەنە خىتاينىڭ ئادىل سوتلىنىش ھوقۇقىنى قوغدايدىغان «خەلقئارا ۋەتەنداشلار ۋە سىياسىي ھوقۇق ئەھدىنامىسى»گە ئەزا ئەمەسلىكىنى تەكىتلەيدۇ( 15 ). ئاۋۇستىرالىيە بۇ ئەھدىنامىگە ئەزا دۆلەت بولۇپ، ئاۋۇستىرالىيە قانۇن كېڭىشىنىڭ قارىشىچە، شەخسلەرنىڭ ئادىل سوتلىنىش ھوقۇقى تەمىنلەنمەسلىك خەۋپى مەۋجۇد بولغان خىتايغا ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلىشى، ئەھدىنامە دائىرىسىدىكى مەجبۇرىيەتلەرگە خىلاپلىق قىلغانلىق دېمەكتۇر. خىتايدا يۈز بېرىۋاتقان ئەمەلىيەتلەرگە ئالاقىدار بايان قىلىنغان بۇ ئەندىشىلەرنىڭ تۈركىيە ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەك.

*«ئاۋۇستىرالىيە قانۇن كېڭىشىنىڭ مەيدانى ياۋروپانىڭ قاراشلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. «خەلقئارا ۋەتەنداشلار ۋە سىياسىي ھوقۇق ئەھدىنامىسى»گە بىنائەن، ئەگەر بىر كىشىنىڭ ئادىل سوتلىنىش ھوقۇقى تولۇق رەت قىلىنىدىغان ئەھۋال بولسا، ئۇ كىشى ئۆتكۈزۈپ بېرىلمەيدۇ».*

كېلىشىم چوقۇم ئالاقىدار دۆلەتنىڭ جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى بىلەن باغلىنىش ئىچىدە بولۇشى كېرەك، شۇنداقلا ئەگەر شەخسنىڭ ئادىل سوتلىنىش ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىنىشىغا ئالاقىدار گۇمان توغۇلسا، ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى رەت قىلىش ھوقۇقى باردۇر.

ئاۋۇستىرالىيە باش تەپتىش ئىدارىسى ھەربىر ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارارىنى دېلو سۈپىتىدە مۇزاكىرە قىلىنىشىنىڭ بۇ جەريانىنىڭ خەتىرىنى ئازايتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ۋەجدىن پەقەت كىشىنىڭ سوتى ئوچۇق سوتتا ئېچىلىدىغان بولسا، قانۇنىي ۋاكالەتچىگە ئېرىشەلەيدىغان بولسا ۋە دەلىل ـ ئىسپاتلارنى سىناش پۇرستى بولغاندىلا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىنماقتا. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاۋۇستىرالىيە قانۇن كېڭىشى بۇ جەرياننى تۆۋەندىكىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يېتەرلىك دەپ قارىمايدۇ:

*«... ئاۋۇستىرالىيە ھۆكۈمىتى ئاۋۇستىرالىيە سوتلىرىنىڭ بىر كىشى ئۈستىدىن ياۋروپا ئىتتىپاقى ئەندىزىلىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۇسۇلدا ئەرز قىلىنماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى خالايدۇ. كېلىشىمنىڭ تېكىستىدە سوتنىڭ ئادەتتىكى تەرتىپلىرى تىلغا ئېلىنمىغاچقا، خىتاينى تەكلىپ قىلىنغان جەرياننى قوبۇل*

---

(14) Lucrezia Poggetti, “EU-China Mappings: Interactions Between The EU and China On Key Issues”, Merics, 20.01.2021, https://merics.org/en/short-analysis/eu-china-mappings-interactions-between-eu-and-chi-na-key-issues

(15) تۈركىيە بۇ ئەھدىنامىنى 2000 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىمزالىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*قىلىشقا قايىل قىلىش قىيىنغا توختىشى مۇمكىن، نەتىجىدە ئاۋۇستىرالىيەنى خەلقئارا قانۇن بويىچە شەخسنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلىشى مۇمكىن. ئەھۋال ھەربىر دۆلەتتىكى قارار چىقارغۇچىلارنىڭ ئىختىيارىدا بولغاچقا، شۇنداقلا جەريان «كۆپ تۈرلۈك ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى مۇمكىن» ئىكەنلىكىدىن بىر شەخسنىڭ ئادىل سوتلىنىش ھوقۇقىنى يېتەرلىك قوغداش بىلەن تەمىنلىمەيدۇ».*

بۇنىڭدىن باشقا، تەۋسىيە قىلىنغان جەريان ئاۋۇستىرالىيەنىڭ «خەلقئارا ۋەتەنداشلار ۋە سىياسىي ھوقۇق ئەھدىنامىسى»گە ئالاقىدار مەجبۇرىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا تۇغۇلغان مەسىلىلەرگىمۇ ئارىلاشمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇ ئاۋۇستىرالىيەنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى ئالدىدا نائىلاج تاشلاپ قويۇشى مۇمكىن.

## ئۆلۈم جازاسىنىڭ مۇمكىنچىلىكى

كېلىشىمنىڭ 3 - ماددىسىنىڭ (f) تارماقچىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان كىشىگە چېتىشلىق دەپ قارالغان جىنايەتنىڭ ئۆلۈم جازاسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى ھەمدە تەلەپ قىلغۇچى تەرەپ «ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەيدىغانلىقىغا ئالاقىدار بىر ۋەدە بەرمىسە، ئۆتكۈزۈپ بېرىلىش تەلىپى رەت قىلىنسا بولىدۇ، چىڭ تۇرىۋېلىنغان تەقدىردىمۇ قارار ئىجرا قىلىنمايدۇ». خىتاينىڭ ئەجەللىك بولمىغان جىنايەتلەر ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغانلىقى بىلىنگەن شۇنداقلا جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشى توغرىسىدا ئۈچۈق - ئاشكارىلىق بولمىغاچقا، بۇ ماددىنىڭ ئۇنۇمدارلىقى توغرىسىدا بەزى ئەندىشىلەر ئوتتۇرىغا چىققان. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى مەزكۇر ماددىنىڭ تالاش - تارتىشسىز بىر شەكىلدە «ئۆلۈم جازاسى تەتبىقلانمايدىغانلىقى»نى ھۆددە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. ئاۋۇستىرالىيە باش تەپتىش ئىدارىسى يەنە ئاۋۇستىرالىيەنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا قارشى تۇرۇش خۇسۇسىدا خەلقئارادا يۇقىرى ئابرويغا ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى مەجبۇرىيەتلىرى ھەققىدە ھەم ئىنتايىن ئەستايىدىل ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ:

*«ئۇنداقتا ئۆلۈم جازاسىغا ئالاقىدار ئەھۋال ناھايىتى ئوچۇق ۋە ئايدىڭدۇر. بىزنىڭ بىر شەخسنى ئۆلۈم جازاسىدىن قوغداش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىكتەك خەلقئاراۋىي بىر مەجبۇرىيىتىمىز بار».*

خىتاينىڭ ئىجرا قىلىنغان ئۆلۈم جازالىرىنىڭ سانىغا ئالاقىدار ئۈچۈر بەرمەسلىكىنىڭ شۇنداقلا ئۆلۈم جازالىرى ھەققىدىكى ئوچۇق - ئاشكارىلىقىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنىڭمۇ سۈرۈشتۈرۈلۈشى كېرەكلىكى ئىزھار قىلىنماقتا. ئاۋۇستىرالىيە باش تەپتىش ئىدارىسى، 2014 - يىلىغا تەۋە بىر ئاممىۋىي تەشكىلات دوكلاتىدىن خىتايدا 2,400 كىشىگە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرغا ئېرىشكەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

## قىيىن - قىستاق، رەھىمسىزلەرچە، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان، خورلىغۇچى مۇئامىلە ياكى جازا

كېلىشىمنىڭ 3 - ماددىسىنىڭ (g) تارماقچىسى، ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنىڭ رەت قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك مەجبۇرىي شەرتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، تەلەپ قىلىنغۇچى تەرەپنىڭ ئىزدەلگەن كىشىنىڭ قىيىن - قىستاققا ياكى باشقا رەھىمسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقى ياكى ئۇچرايدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم سەۋەپلەر بار بولسا، ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنى رەت قىلسا بولىدىغانلىقى ئىپادە قىلىنماقتا.

خىتايدا ساقچىلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان سوراق ۋە تەكشۈرۈشلەر پات - پات خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزەتكۈچىلەر تەرىپىدىن قاتتىق تەنقىدكە ئۇچراپ كەلمەكتە. ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى (HRW) ئۆتكۈزۈپ بېرىش جەريانىنى تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرلەيدۇ:

*«چاقىرتىلغانلار نەچچە كۈنلەپ، نەچچە ھەپتىلەپ ياكى نەچچە ئايلاپ ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ، بۇ جەرياندا ئۇلار قايتا - قايتا سوراق قىلىنىدۇ ۋە كۆپ قېتىملاپ قېيىن- قىستاققا ئېلىنىدۇ. ئادەتتە «شۇاڭگۇي سولىقى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ جەريان چىركىنلىك ياكى باشقا ئىنتىزامغا خىلاپلىق*

*قىلىش قىلمىشلىرىنى ئىقرار قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى كېيىنرەك تەكشۈرۈلۈش ئۈچۈن جىنايى ئىشلار ئەدلىيە سىستېمىسىغا يۆتكەپ بېرىلىدۇ»*[16].

ئاۋۇستىرالىيە باش تەپتىش ئىدارىسى: ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىگە دۇچ كەلگەن كىشىنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىش جەريانىنىڭ ھەربىر باسقۇچىدا ئېتىراز بىلدۈرۈش ھوقۇقى بارلىقىنى، ئەگەر ئۇ قىيىن - قىستاققا ياكى ناچار مۇئامىلىگە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرىسە، بۇنى بايان قىلسا بولىدىغانلىقى تەكىتلەيدۇ. بۇ خىل ئەدلىيەلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ ئاممىغا ئاشكارا ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئاۋۇستىرالىيە باش تەپتىش ئىدارىسى شەخسىنىڭ خەتەر ئىچىدە ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىش ئۈچۈن ئورۇنلۇق سەۋەبلەرنىڭ بار ياكى يوقلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، تەلەپ قىلغۇچى دۆلەتتە مەۋجۇد بولغان شەرت - شارائىتلار بىلەن ئالاقىدار ئەتراپلىق بىر تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ۋە يەككە ھالەت بىلەن ئالاقىدار كاپالەت تەدبىرلىرى ئىزدەشكە مەسئۇلدۇر:

*«... باش تەپتىش ئىدارىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان دۆلەتتىكى ئىنسان ھەقلىرىگە دائىر ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلىدۇ ۋە خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتلىرىغا قاراپ چىقىدۇ. ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان شەخسىنىڭ باياناتىغا قارايدۇ ۋە بۇ ئەھۋالنى خەلقئارادا قوبۇل قىلىنغان ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتلىرى بىلەن سېلىشتۇرىدۇ. خەلقئارالىق ۋەزىيە ئۆتكەن دىپلوماتلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، نەتىجىنى مۇناسىۋەتلىك دۆلەتكە يەتكۈزۈپ، ئىلگىرى سورۇلگەن قىيىن - قىستاق ۋە ناچار مۇئامىلىلەر ھەققىدە كۆزقاراشلىرىنىڭ قانداقلىقىغا دائىر ناھايىتى ئېنىق كاپالەتلەر بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ».*

## قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى

ئاۋۇستىرالىيە باش تەپتىش ئىدارىسى «جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنى»نىڭ كونكرېت ياش چەكلىمىسى بەلگىلىمىگەنلىكىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما شەخسىنىڭ ئەھۋالىنى باھالىغاندا ياشىنىڭ نەزەرگە ئېلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ، ئاۋۇستىرالىيە ۋە خىتاينىڭ «ب د ت باللار ھوقۇقى ئەھدىنامىسى» دائىرىسىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنىڭمۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمىگە ئاساسەن باللارنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ:

*«... دىققىتىڭىزنى ئىككى كونكرېت مەسىلىگە تارتماقچىمەن. بىرىنچىسى، ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان كىشىنىڭ يېشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەلۇم خۇسۇسلارغا ئالاقىدار ئۆتكۈزۈپ بېرىشنىڭ قايىسى دەرىجىدە نامۇناسىپ بولىدىغانلىقىغا قارىتا ،كېلىشىمدە ئەھۋالغا قاراپ رەت قىلىش ئىختىيارلىقى بار. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، دىققەت - ئېتىبارىڭىزنى ئاۋۇستىرالىيە ۋە خىتاينىڭ (ب د ت) باللار ھوقۇقى ئەھدىنامىسىغا قاتناشقانلىقىغا بەرگەيسىز. ئاۋۇستىرالىيەدە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بىر قارار چىقارغۇچى، ئاۋۇستىرالىيەنىڭ «باللار ھوقۇقى ئەھدىنامىسى» دىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارالىق مەجبۇرىيىتىنى نەزەرگە ئالىدۇ ۋە ئېلىنغان قارارنىڭ بۇ مەجبۇرىيەتلەر بىلەن بىردەك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ».*

## ئاۋۇستىرالىيەدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلەرنى كۆزىتىش

ئاۋۇستىرالىيە قانۇن كېڭىشى ئىلگىرى ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن كىشىلەرنى كۆزىتىش خۇسۇسىدىكى ئەندىشىلىرىنى بايان قىلغان ۋە بىر - بىرىنى كۆزىتىۋاتقان ھۆكۈمەتلەرگە بۇ ھەقتە بەزى تەۋسىيەلەردە بولغان. بۇ تەكشۈرۈش ئەسناسىدا، ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ پائال بىر شەكىلدە كۆزىتىلىشى مەسىلىسى قايتا كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈلگەن. خىتاينىڭ ئەدلىيە سىستېمىسىغا ئالاقىدار مەخپىيلىك ۋە ئوچۇق - ئاشكارىلىقىنىڭ

---

(16) HRW، «ئالاھىدە تەدبىر»: جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شۇاڭگۈي سىستېمىسىدا تۇتۇپ تۇرۇش ۋە قىيناش ( Special Measures’ Detention and Torture in the Chinese Communist Party’s Shuanggui System)»، 06.12.2016.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيتى
www.uyghurkitap.com

يېتەرسىزلىكى – تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلارغا ياكى مەھكۇملارغا ناچار مۇئامىلە قىلىنغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن كۆزقاراشلار بىلەن بىرلەشكەندە – بۇ كېلىشىم ھەققىدىكى ئەندىشىلەرنى ئاتتۇرغان.

بۇ تەدبىرلەر ئەندىشىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئەگەر ئاۋۇستىرالىيە شەخسلەرنى كۆزىتەلمىسە، كېلىشىمدە تەمىنلەنگەن ئىنسان ھەقلىرى كاپالىتىنىڭ ئۆلۈم جازاسى ياكى ناچار مۇئامىلە ۋە قىيىن - قىستاققا ئۇچراش قاتارلىق تەرەپلەردە ئۈنۈملۈك بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىزدەنگەن. ئاۋۇستىرالىيە قانۇن كېڭىشى يەنە كۆزىتىشنى ئۆز ۋەتەندىشى ئەمەسلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان شەكىلدە كېڭەيتىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

## «تۈركىيە - خىتاي جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى» ھەققىدە مۇلاھىزە

«تۈركىيە - خىتاي جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمنامىسى» 22 ماددىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، مەزمۇنى: ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەجبۇرىيىتى، ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بولىدىغان جىنايەتلەر، مەجبۇرىي رەت قىلىش سەۋەبلىرى، ئىختىيارىي رەت قىلىش سەۋەبلىرى، تەلەپ قىلىنغان تەرەپنىڭ مەشغۇلات باشلاش مەجبۇرىيىتى، خەۋەرلىشىش يوللىرى، ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپى ۋە تەلەپ قىلىنغان ھۆججەتلەر، قوشۇمچە ئۇچۇرلار، ۋاقىتلىق قولغا ئېلىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارارى، تېز ئۆتكۈزۈپ بېرىش، شەخسنى تاپشۇرۇش، كېچىكتۈرۈلگەن ۋە ۋاقىتلىق تاپشۇرۇپ بېرىش، تەڭۋاقىتلىق تەلەپلەر، خۇسۇسىيلىق قائىدىسى، نەرسە - كېرەكنى تاپشۇرۇش، ترانسىت ئۆتۈش، نەتىجىنى ئۇقتۇرۇش، چىقىملار، باشقا كېلىشىملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت، زىتلىقلارنى ھەل قىلىش، كۈچكە ئىگە بولۇش/يولغا قويۇلۇش، تۈزىتىش/ئۆزگەرتىش ۋە ۋاز كېچىش قاتارلىق تېمىلاردىن تەركىب تاپىدۇ[17].

بېيجىڭدا ئىمزالانغان كېلىشىمنىڭ «ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەجبۇرىيىتى» ماۋزۇلۇق 1 - ماددىسىدا: «ھەرقايسى تەرەپلەر ئۇشبۇ كېلىشىمنامىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىگە ئاساسەن، قارشى تەرەپنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئۆز دۆلىتىدە تۇرۇۋاتقان شەخسلەرنى، شۇ شەخس ھەققىدە جىنايى ئىشلار بويىچە تەكشۈرۈش ياكى پاش قىلىش ۋە ياكى بىر جازانى ئىجرا قىلىش مەقسىتىدە بىر - بىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ھۆددە قىلىدۇ» دېيىلگەن.

كېلىشىمگە ئاساسەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش رۇخسەتلىرى، سادىر قىلىنغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن جىنايەتكە ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ قانۇنىدا كەم دېگەندە بىر يىل قاماق جازاسى بېرىلىدىغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان كىشى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلغان بولسا، ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان كىشى ھەققىدە ئىجرا قىلىنىشى كېرەك بولغان مۇددەتنىڭ كەم دېگەندە ئالتە ئاي بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

كېلىشىمنىڭ 2 - ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقىدا، «*ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەقسىتىدە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قانۇنلىرى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئالاقىدار جىنايەتكە ئوخشاش كاتېگورىيەدە ئورۇن بېرىشى ياكى بەرمەسلىكى ۋە ياكى جىنايەتنى ئوخشاش ئاتالغۇ بىلەن ئاتاپ - ئاتىماسلىقى مۇھىم ئەمەس*» دېيىلگەن. بۇ ماددىغا ئاساسەن، خىتاي ئەسلىدە سىياسىي سەۋەبلەر بىلەن تەلەپ قىلغان كىشى ئۈچۈن پەرقلىق بىر سەۋەب كۆرسىتەلەيدۇ ياكى تۈركىيە ئۈچۈن سىياسىي بولغان ياكى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئىمكانسىز قىلىدىغان بىر ھال خىتاي تەرىپىدىن باشقىچە چۈشۈنۈلۈشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تامامىنى تۈرمىگە ئايلاندۇرۇپ، 3 - 8 مىليون ئادەمنى جازا/يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا قامىغان خىتاي دۆلىتىنىڭ جىنايەت ۋە جازا ئېنىقلىمىسى ھەقىقەتەن ئوبدان سۈرۈشتۈرۈلۈشكە مۇھتاج. چۈنكى، بۇ لاگېرلاردىن چىقىشقا مۇيەسسەر بولغان يۈزلىگەن زىيانكەشلىككە

(17) «تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدا جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمنامىسى «(Türkiye Cumhuriyeti ile Çin Halk Cumhuriyeti Arasında Suçluların İadesi Anlaşması) https://www2. tbmm.gov.tr/d27/2/2ـ1798.pdf

ئۇچرىغۇچىلار مەزكۇر لاگېرلارغا ئېلىپ كېتىلگەن كىشىلەرنىڭ سوتلانمىغانلىقى ۋە بىرەر جىنايەت ئاتالمىغانلىقىنى بايان قىلغان. دەرۋەقە، HRW نىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، تۇتقۇن قىلىنغان بىر كىشى ئەھۋالنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن:

«دائىرىلەرگە ئادۋۇكات تەكلىپ قىلالايدىغان ياكى قىلالمايدىغانلىقىمنى سورىغانىدىم. ماڭا: ‹ياق! چۈنكى ھەققىڭدە ھېچقانداق مەھكۇم قارارى يوق، ھېچقانداق ئىش ئۇچۇن ئۆزەڭنى ئاقلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، سەن ھازىر بىر سىياسىي ئۆگىنىش لاگېرىدا تۇرۇۋاتىسەن، سېنىڭ قىلىدىغىنىڭ پەقەتلا ئۆگىنىش.› دېدى»[18].

بۇنىڭغا قوشۇمچە ھالدا، مەھكۇم قىلىنغانلارنىڭ سوتلىنىش جەريانىدا ئادىل سوتلىنىش ھوقۇقىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىللىرىنىڭ بىرى بولغان ئۆزىنى ئاقلاش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىلىنغانلىقى ھەر خىل دوكلاتلاردا ئىسپاتلانغان ھەقىقەتتۇر.

كېلىشىمنىڭ 3 - ماددىسىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنىڭ رەت قىلىنىشىغا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يەنى، ئەگەر ئالاقىدار جىنايەت سىياسىي جىنايەت بولسا ھەمدە ئۇ كىشىگە پاناھلىنىش ھوقۇقى بېرىلگەن بولسا؛ كىشى ئىرق، جىنسىيەت، دىن، دۆلەت تەۋەلىكى ۋە سىياسىي كۆزقاراشلىرى بويىچە سوتلانماقچى بولسا؛ كىشى تەلەپ قىلىنغان دۆلەتنىڭ ۋەتەندىشى بولسا؛ ئەگەر ئارتىلغان جىنايەت پەقەت ھەربىي جىنايەت بولسا؛ قانۇندا بېكىتىلگەن ۋاقتى ئۆتكەن جىنايەت بولسا؛ ئومۇمىي ياكى شەخسىي كەچۈرۈمگە نائىل بولغان بولسا؛ جىنايەت سەۋەبلىك ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان كىشى ھەققىدە ئەڭ ئاخىرقى قارار بېرىلىپ بولغان بولسا؛ تەلەپ قىلىنغان دۆلەتنىڭ كىشى يوق يەردە چاپلانغان بىر جىنايەت سەۋەبلىك سوتلىنىدىغانلىقىغا دائىر پىكرى سەلبىي بولسا؛ ئەگەر ئىجرا قىلىنىدىغان جازا، تەلەپ قىلىنغان دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن پرىنسىپىغا ماس كەلمىسە ھەمدە يېتەرلىك كاپالەت بېرىلمىسە، تەلەپ رەت قىلىنىدۇ.

كېلىشىمنىڭ 3 - ماددىسى «d» تارمىقىدا بەلگىلەنگەن «ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان كىشىنىڭ تەلەپ قىلغان دۆلەتنىڭ ۋەتەندىشى بولۇشى» شەرتى «مۇلكىيلىك پرىنسىپى[19]»غا بىنائەن، ھەر دۆلەتنىڭ ئۆز ۋەتەندىشىنى سوتلاش ھوقۇقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىكى ئاساسلىق پرىنسىپلارنىڭ بىرى بولغان ئۆز ۋەتەنداشرىنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىك پرىنسىپى مەجبۇرىي رەت قىلىش سەۋەبى قاتارىدا تىزىلغان. ئەمما خىتاي مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لې يۈچېڭ مەزكۇر كېلىشىمنىڭ شەرھى سۆپىتىدىكى ئىزاھىدا، تەرەپلەرنىڭ كېلىشىم ماددىلىرى توغرىسىدىكى سۆھبىتىدە بۇ خۇسۇس ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىنغانلىقىنى، تۈركىيە تەرەپنىڭ ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان كىشىنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان كۈن/كۈنلەردە تۈركىيە ۋەتەنداشلىقىغا ئۆتۈپ بولغان كىشى بولۇشىنىڭ ئۇ شەخسنىڭ بىر تۈركىيە ۋەتەندىشى دېگەنلىك ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى، بۇنىڭغا قارشى خىتاي تەرەپنىڭ بۇ ئەھۋالنى جىنايەتچىنىڭ گراژدانلىقىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق جاۋابكارلىقتىن قېچىشقا ئۇرۇنۇش دەپ قارايدىغانلىقىنى ۋە جىنايەت سادىر قىلغان ۋاقىتتىكى دۆلەت تەۋەلىكىنى ئاساس قىلىش كېرەكلىكىدە چىڭ تۇرغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. تۈركىيە تەرەپ بولسا، دۆلەتنىڭ ئىچكى قانۇنىدا ۋەتەنداشلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىشكە مۇناسىۋەتلىك تەپسىلىي بەلگىلىمە ۋە تەرتىپلەرنىڭ بارلىقىنى، شۇنداقلا بۇنىڭ جىنايەتچىلەرنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق جىنايى جاۋابكارلىقتىن قېچىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن تەرەپلەر ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان «جىنايەتچى»نىڭ ۋەتەنداشلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ۋاقىتقا مۇناسىۋەتلىك ئېنىق بەلگىلىمە چىقارماي، بۇ جەھەتتە بوشلۇق قالدۇرۇپ، سۇبيېكتىپ ئەھۋالغا ئاساسەن، ئالاقىدار

(18) HRW، «خىتاي: مۇسۇلمان رايونىدا ئېغىر بېسىم ("Çin: Müslüman Bölgesinde Ağır Baskı") 14.01.2021 https://www.hrw.org/tr/news/2018/09/09/322264

(19) «مۇلكىيلىك پرىنسىپى» بىر دۆلەتنىڭ ئۆز تېررىتورىيىسى ئىچىدە سادىر بولغان جىنايەتنىڭ كىم تەرىپىدىن ۋە كىمگە قارىتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر جىنايەت سادىر قىلغۇچىنى جازالاندۇرالاش ھوقۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
www.uyghurkitap.com

خۇسۇسقا قارىتا ئىختىيار ھوقۇقىنىڭ تەرەپلەرنىڭ مەسئۇل ئورگانلىرىغا قالدۇرۇش ھەققىدە پىكىر بىردەكلىككە كېلىنگەنلىكى ئىپادە قىلىنغان[20].

تۈرك ۋەتەنداشلىقىغا ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ تاپشۇرۇپ بېرىلىشىنىڭ تەلەپ قىلىنىشى، تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئون مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى قىينىچىلىققا دۇچار قىلىدىغان بىر ئەھۋال دېگەنلىكتۇر. ئالاقىدار ماددىدا ئېنىق بەلگىلىمە قويۇلماي يوچۇقلۇق قالدۇرۇلىشىمۇ بۇ مەسىلىدىكى ئەندىشىلەرنى ئورۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ ماددا «تۈرك ۋەتەنداشلىق قانۇنى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىغا ئاساسەن قانۇنلۇق ھالدا تۈركىيە ۋەتەنداشلىقىغا ئېرىشكەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قاتتىق ئەندىشىگە سالىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، خىتاينىڭ رەسمىي خەۋەر قانىلى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، مەركىزى بېيجىڭدا بولغان خىتاي ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنىستىتۇتى تېرورلۇققا قارشى كۆرەش مۇتەخەسسىسى لى ۋېي، تۈركىيەنىڭ گېئوپولىتىك ئەھۋالى دىققەتكە ئېلىنسا مەزكۇر كېلىشىمنىڭ، بولۇپمۇ تېرورلۇققا ئالاھىدە مەركەزلىشىدىغانلىقىنى ھەمدە پەقەتلا خىتاي زېمىنىدىكى تىنچلىق ۋە مۇقىملىققا ھەسسە قوشۇپلا قالماي، ئەينى ۋاقىتتا، خىتاينىڭ غەربىي شىمال چېگراسىدىن باشلاپ ئۆزۈن كەتكەن رايوندىكى تېرورلۇققا قارشى كۆرەش پائالىيەتلىرىنى ئاسانلاشتۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان[21].

خىتاي تەرەپنىڭ كېلىشىمگە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جاۋاپكار ياكى مەھكۇملارنىڭ ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلىشىگە ئالاقىدارمۇ بىر ماددا قوشماقچى بولغانلىقى، ئەمما تۈركىيەدە ئۆلۈم جازاسى بولمىغاچقا، تۈركىيە تەرەپنىڭ بۇنىڭغا قوشۇلمىغانلىقى، خىتاي تەرەپنىڭ بولسا كېلىشىم ماددىلىرىنىڭ بىرلا تەرەپنىڭ ئىختىيار ۋە ئىرادىسى بىلەن ھازىرلىنىشى تەرەپلەر ئارىسىدىكى تەڭداشلىققا زىت ئىكەنلىكىنى سەۋەب كۆرسەتكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن. نەتىجىدە، كېلىشىمنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا مۇناسىۋەتلىك قىسمىمۇ مەجبۇرىي رەت قىلىش سەۋەبلىرى ئورۇن ئالغان 3 ـ ماددىدىنىڭ «h» تارمىقىدا مۇجمەل بىر ئىپادە بىلەن تۈۋەندىكىدەك بەلگىلەنگەن: «*... تەلەپ قىلىنغۇچى تەرەپنىڭ قانۇنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەسلىكى ۋە تەلەپ قىلغۇچى تەرەپنىڭ بۇ پرىنسىپلارغا خىلاپلىق قىلىنمايدىغانلىقىغا دائىر تەلەپ قىلىنغۇچى تەرەپ يېتەرلىك دەپ قارىغۇدەك ھۆددە ۋە كاپالەت بىلەن تەمىنلىمەسلىكى...* ». بۇ ماددىدىن چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، خىتاي تەرەپ ئېنىق ھالدا قاياققا تارتسا بولۇۋېرىدىغان ئۇقۇم ۋە ئىپادىلەرنى ئىشلىتىپ، ئۆلۈم جازاسىغا مۇناسىۋەتلىك ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىلتىماسلىرى ئۈچۈن يوچۇق قالدۇرغان، تۈركىيە تەرەپمۇ بۇنىڭغا رازى بولغان.

بۇ مەسىلىنىڭ يەنە بىر يۈزى بولسا، تۈرلۈك ياۋروپا ئەللىرى ۋە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدىن پاناھلىق تىلىگەن، ۋە تېخى ئۇ ئەللەرنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىگە ئېرىشەلمىگەن، ئەمما ئۇ دۆلەتلەردە ئېرىشكەن ئۇزۇن مۇددەتلىك ئولتۇراقلىشىش رۇخسىتى/مەڭگۈلۈك ئولتۇراقلىشىش ئىجازىتى (*Permanent Residence Permit-PR*) بىلەن ياشاۋاتقان ۋە پات ـ پات تۈركىيەگە كېلىپ كېتىپ تۇرغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن شەكىللەندۈرىدىغان ئېھتىمالىي خەۋپ ـ خەتەرلەردۇر. خىتاي بۇ كېلىشىمگە تايىنىپ تۇرۇپ، تېخىچە خىتاي ۋەتەندىشى بولغان، باشقا دۆلەتنىڭ ۋىزا ياكى تۇرۇش/ئىقامەت كىنىشكىسى بار شەرقىي تۈركىستانلىقلار ھەققىدىمۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىش تەلىپى سۇنالايدۇ. بۇ ئەھۋال ھەققىدە ئۆتمۈشتە بەزى مىساللار باردۇر. مەسىلەن، كانادا ۋەتەندىشى بولغان بىر ئۇيغۇر – ھۈسەيىن جېلىل، ئۆزبېكىستاندا زىيارەتتە بولغان جەريانىدا «خىتاي ـ ئۆزبېكىستان جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى»گە ئاساسەن قولغا ئېلىنغان ۋە كانادا بىلەن ۋەتەنداشلىق مۇناسىۋىتى بولۇشىغا قارىماي، خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن[22].

---

(20) “关于提请审议批准《中华人民共和国和 土耳其共和国引渡条约》的议案的说明 (خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسى»نى مۇزاكىرە قىلىش ۋە تەستىقلاش تەكلىپى ھەققىدە ئىزاھات)” 22.12.2020، http://www.npc.gov.cn/npc/c30834/202012/155b026cad784bbb97c37f9e5417535f.shtml.

(21) Zhang Khan, “China-Turkey Extradition Bill Likely to Focus on Counter-Terrorizm Cooperation Expert Say”, Global Times, 24.12.2020, https://www.globaltimes.cn/content/1210936.shtml

(22) ھۈسەيىن جەلىلنىڭ ئەھۋالى ۋە قانۇنىي كۆرىشى ھەققىدە «قايتۇرۇپ ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلار» بۆلۈمدە تېخىمۇ تەپسىلىي مەلۇماتلار بېرىلگەن. قاراڭ: “Free Huseyin Celil”, 28.06.2008, https://www.amnesty.ca/our-work/individuals-at-risk/huseyin-celil;.

يەنە كېلىشىم تېكىستىنىڭ 3 ـ ماددىسى «h» تارمىقىدا بەلگىلىنىشىچە، ئۆتكۈزۈپ بېرىشلەر «*قانۇننىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا زىت بولماسلىقى*» كېرەك. بۇ شەكىلدە قارىغاندا، ب د ت نىڭ 1948 ـ يىلدىكى «خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى خىتابنامىسى»، 1951 ـ يىلدىكى «مۇساپىرلارنىڭ قانۇنىي ئورنىغا دائىر ئەھدىنامە»، 1948 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ماقۇللانغان «ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جازالاش ئەھدىنامىسى»نىڭ 2 ـ ماددىسى ۋە « خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى رىم شەرتنامىسى»نىڭ 6 ـ ماددىسىدا ئېنىقلىما بېرىلگەن «ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرى»، «رىم شەرتنامىسى»نىڭ 7 ـ ماددىسىدا كۆرسىتىلگەن «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر»، 1984 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى «ب د ت قىيناش ۋە باشقا ۋەھشىيانە، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ياكى پەسكەش مۇئامىلە ۋە جازالاندۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى» قاتارلىقلار قانۇننىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى سۈپىتىدە ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ ئالدىدا تۇرماقتا. ئېنىقكى، بۇ پرىنسىپلارغا ئىزچىل خىلاپلىق قىلىپ كەلگەن خىتاي دۆلىتى بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدا جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا بۇنداق بىر كېلىشىمنىڭ ماقۇللىنىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەستۇر.

4 ـ ماددىدا بەلگىلەنگەن ئىختىيارىي رەت قىلىش شەرتى تۆۋەندىكىچە بېكىتىلگەن: تەلەپ قىلىنغان تەرەپنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىگە سەۋەب بولغان جىنايەت ھەققىدە سوتلاش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى ۋە بۇ جىنايەت سەۋەبلىك بىر جىنايى ئىشلار بويىچە سۈرۈشتۈرۈش ياكى پاش قىلىشنى باشلىتىش مەقسىتىدە بولۇشى؛ يەنە تەلەپ قىلىنغان تەرەپنىڭ شۇ جىنايەت ھەققىدە جىنايى سۈرۈشتۈرۈش ياكى پاش قىلىشنى باشلاتماسلىق ۋە ياكى سوتلاش/ئەيىپلەشنى ئاخىرلاشتۇرۇش قارارى ئېلىشى؛ تەلەپ قىلىنغان دۆلەت كىشىنىڭ يېشى، سالامەتلىكى ۋە باشقا شەخسىي ئەھۋاللىرىنى كۆزدە تۇتۇپ تۇرۇپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك شەرتلىرىگە ماس كەلمەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلسا تەلەپ قىلغۇچى تەرەپنى رەت قىلسا بولىدۇ.

چۈشەندۈرۈشلەرگە ئاساسەن، ئالدى بىلەن كېلىشىمنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولغان «جىنايەتچى» ئۇقۇمىنى ئايدىڭلاشتۇرىۋېلىش كېرەك. تۈركىيەدە بۇ كېلىشىمگە تېما بولغۇدەك ساندا خىتاي جىنايەتچى يوق بولۇپ، تۈركىيەگە كېلىدىغان خىتايلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ساياھەتچى ياكى سودىگەرلەردۇر. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تۈركىيەدە قىسقا مۇددەتلىك ساياھەت ۋىزىسى بىلەن تۇرىدۇ/تۇرماقتا. بۇ كىشىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق قانۇنىي بىر مەسىلە كۆرۈلسە، مەمۇرىي بىر تەرەپ قىلىش قائىدىسى بويىچە چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش (*deport*) تەرتىپى قوللىنىلماقتا. ئەمما، مەزكۇر كېلىشىمگە تېما بولالايدىغان، تۈركىيەدە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىقامەت رۇخستى بىلەن ياشاۋاتقان 50 مىڭغا يېقىن خىتاي ئىشغالىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق تۈركلەر بار. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سالاھىيىتى پاناھلانغۇچى ياكى سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچى ئەمەس، يەنى مەزكۇر كېلىشىمنامە دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇنىڭدىن، تۈركىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمىنىڭ پەقەت ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى نورمال بىر كېلىشىم ئەمەسلىكىنى ۋە تۈركىيەدە ئولتۇراقلاشقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى قايتۇرۇپ كېتىش نىشان قىلىنغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، خىتاي گېزىتلىرى خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بۇ كېلىشىمنى تەستىقلىشىغا ئەگىشىپلا، تۈركىيەدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق «تېرورىستلار»نىڭ قايتۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇھىم بىر قەدەم بېسىلغانلىقىنى يازغان[23].

سىياسىي جىنايەت سەۋەبلىك جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىك، ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئىستىسنادۇر. سىياسىي جىنايەت ئىستىسناسى ئۆتكۈزۈپ بېرىش قانۇنىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگىدۇر. ئۇ نۇرغۇن دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىكى ئاساسلىق توسالغۇ سۈپىتىدە دائىم قوللىنىلىدۇ. كېلىشىمگە قارايدىغان بولساق، بۇ خۇسۇسنىڭ ئېنىق ھالدا ئورۇن ئالغانلىقى كۆرۈلىدۇ. لېكىن، خىتاي «11 ـ سىنتەبىر» (2001) ۋەقەسىدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خەلقئارالىق تېرورلۇققا قارشى كۈرەش رامكىسى

---

(23) “港媒关注：中国批准中土引渡条约 ( خوڭكوڭ تاراتقۇلىرىنىڭ دىققەت نەزىرى: خىتاي، خىتاي ـ تۈركىيە ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمىنى تەستىقلىدى)”, 30.12.2020, https://www.sohu.com/a/441444839_114911; “新疆分离主义势力将失去土耳其的庇护 (شىنجاڭ بۆلگۈنچى كۈچلىرى تۈركىيەنىڭ پاناھلىقىدىن مەھرۇم قالىدۇ)”, 24.12.2020, https://news.creaders.net/chi-na/2020/12/24/2303124.html

دائىرىسىدە «تېرورچى» دەپ جاكارلىغان ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى تۈزگەن دۆلەتلەردىن تېرورچى بەتنامى چاپلانغان ئىسىملەرنى تەلەپ قىلىشقا باشلىغان. شۇڭلاشقا، مەزكۇر كېلىشىم كۈچكە ئىگە بولۇپ يولغا قويۇلۇپ قالسا، تۈركىيىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ «تېرورلۇق جىنايىتى» بىلەن ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلىشىنىڭ تەلەپ قىلىنىش مۇمكىنچىلىكى كۈچلۈكتۇر.

ئەسلىدە بۇ كېلىشىم تۈزۈلۈشتىن بۇرۇنمۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلەر ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىش مەقسىتىدە ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغانلار بار. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھاجىرەتتىكى جامائەت ئەربابى ئابدۇلقادىر ياپچاننىڭ خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئەيىبلەش/سوتلاش جەريانى يىللاردىن بېرى داۋاملاشماقتا. ئۇندىن باشقا، يەنە 2020 - يىلى 4 - ئايدا، قەيسەرىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر ئۇيغۇرنىڭ تېرورلۇق جىنايىتى بىلەن خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغانلىقى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار سوتلاش/ئەيىبلەش جەريانىنىڭ باشلانغانلىقى بىلدۈرۈلگەن(24)؛ بۇنداق مىساللارنى كۆپلەپ كەلتۈرۈش مۇمكىن ۋە ئەگەر بۇ كېلىشىم تەستىقلانغۇدەك بولسا ئاساسەن تۈركىيىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ تېرورلۇق جىنايىتى بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكى ئويۇلۇۋاتقانتۇر. يېقىنقى ئىپتىقاندا، مەزكۇر كېلىشىمنىڭ تەستىقلىنىشى ئۆتكۈزۈپ بېرىشلەرنى خەلقئارا قانۇن نوقتىسىدىن قانۇنىيلىقىقا ئىگە قىلغان بولىدۇ(25).

جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك تۈركىيەمۇ تەرەپتار بولغان «ياۋروپا ئىنسان ھەقلىرى ئەھدىنامىسى»، «جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە دائىر ياۋروپا ئەھدىنامىسى» ۋە باشقا كۆپ تەرەپلىمە جىنايەتلەرگە ئالاقىدار شەخسلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك كېلىشىملەر بار. تۈركىيە تەرەپتار بولغان كۆپ تەرەپلىك كېلىشىملەردىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىش بىلەن ئالاقىدار بەلگىلىمەلەرمۇ دۆلەت ئىچىدىكى قانۇنلار بىلەن ئوخشاش تاناسىپ ھالدىدۇر. لېكىن، تەتبىقلاشتىكى بەزى ئەھۋاللار سىياسىي سەۋەبلەر بىلەن تۈركىيىدە تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالىغا ئىگە.

بولۇپمۇ خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىدىن چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالىغان كىشىلەرنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئويلاشقاندا، بۇ كېلىشىمنامە تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى (TBMM) گە كېلىشتىن بۇرۇنلا رەت قىلىنىشى كېرەك! چۈنكى، شاھىتلارنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، مەزكۇر لاگېرلاردا تۇتۇلغان مەھكۇملار ياز ئايلىرىدا پەقەتلا ئىچ كىيىملەر بىلەن قىزىق تاش ئۈستىدە، قىش ئايلىرىدا بولسا يالاڭ ئاياق مۇز ئۈستىدە تۇرۇش، تاياق، توك سوقتۇرۇش، كېسەل بولۇپ قالسا كارى بولماسلىق، ئۇيقۇدىن مەھرۇم قىلىش، ئۇزۇن ۋاقىت يالغۇز قاماش، ئۇزۇن مۇددەت كويزىنى چىقارماسلىق، ئۇزۇن ۋاقىت بېشىغا قارا خالتا كىيگۈزۈپ قويۇش، ھاجەتكە چىقىشقا چەك قويۇش، ھەددىدىن زىيادە كۆپ كىشىنى بىللە بىر ئۆيگە تىقىش، ئاچ ۋە ئۇسسۇز قالدۇرۇش ياكى يېتەرلىك يېمەكلىك بىلەن تەمىنلىمەسلىك، سۇ باكىغا تىقىش ياكى سوغۇقتا ئۈستىگە مۇزدەك سۇ چېچىش، ئايال مەھبۇسلارنىڭ يۈزى ۋە بەدىنىدە تاماكا ئۆچۈرۈش، بىلەكلىرىدىن ئېسىپ قويۇپ توك كالتىكى بىلەن ئۇرۇش، ھەر خىل ئازابلىغۇچى نەرسىلەر بىلەن ئۇرۇش ۋە قىيناش، كۈچلۈك ۋە يورۇق نۇر بىلەن قارىغۇ قىلىش، ئۇزۇن مۇددەت بەدەننى كېرىگەن ھالەتتە تۇتۇش، نەچچە كۈنلەپ ھەرىكەتسىز ھالدا يولۋاس ئورۇندۇقى دەيدىغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇش، كويزا ۋە كىشەنلەر بىلەن ماڭدۇرۇپ ئايلاندۇرۇش، قەرەللىك ھالدا بېرىلىدىغان ۋە تەركىبى ئېنىق بولمىغان دورىلار بىلەن تەننى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە ئىنائەتكە زورلاش، مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈۋېتىش ۋە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرى، ئەرلەرنى تۇغماس قىلىش، باسقۇنچىلىق قىلىش ۋە باسقۇنچىلىققا ئۇچراۋاتقان بىرىگە قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇرلاش ۋە توپلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىش قاتارلىق جىنايەتلەر سادىر قىلىنماقتا(26).

---

(24) Bethally Allen-Ebrahimian, “Exclusive: Documents Show China’s Secret Extradition Request For Uighur in Turkey”, Axios, 20.05.2020, https://www.axios.com/documents-chinas-secret-extradition-request-uig-hur-turkey-6d5ba886-c22c-47e8-b970-804fae274e2d.html

(25) “港媒关注：中国批准中土引渡条约 ( خوڭكوڭ تاراتقۇلىرىنىڭ دىققەت نەزىرى: خىتاي خىتاي - تۈركىيە ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمىنى تەستىقلىدى)”, 30.12.2020, https://www.sohu.com/a/441444839_114911

(26) Sümeyye Ertekin, “Çin’in Doğu Türkistan’da Kurduğu Kampları Anlattı: 15 Ay Güneşi Görmedim, Her Anı İşkenceydi (خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا قۇرغان لاگېرلارنى ئاڭلاتتى: 15 ئاي قۇياشنى كۆرمىدىم، ھەر دەقىقىسى ئىشكەنجە ئىدى)”, Independent Türkçe, 06.07.2019, https://www.indyturk.com/node/48661/d%C3%BCnya/%C3%A-7in%E2%80%99-



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن باشقا، لاگېر تۇتقۇنلىرى مەجبۇرىي قۇل ئىشچى سۈپىتىدە ئەمگەككە سېلىنماقتا، يەنە مەھكۇملارنىڭ ئەزالىرى ئۇلارنىڭ رازىلىقىسىز سۇغۇرۇپ ئېلىنىپ، ئورگان سودىسىدا سېتىلماقتا. مەھبۇسلارنىڭ ئۆيىگە يېتىپ - قوپۇدىغان ختاي مەمۇرلار تەقسىملىنىپ، ئائىلە مەھرەمىيىتى/مەخپىيەتلىكى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىماقتا. لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەنلەرنىڭ باللىرى بولسا دارىلئېتام ۋە ياتاقلىق مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، مېڭە يۇيۇشقا مەجبۇرلانماقتا[27].

سۆز تېمىسى ھەق - ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىشلارغا مۇناسىۋەتلىك دەلىللەنگەن يۈزلەپ ئىسپاتلار بار. دەرۋەقە، كانادادىن كېيىن، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىمۇ ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەمدە بېسىم يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلدى[28]. ئەنگىلىيە ۋە ئاۋۇستىرالىيەمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قارارلارغا تەييارلىق قىلماقتا.

ختاي جازا لاگېرلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلىرىنىڭ يوقلاڭ باھانىلەر بىلەن ۋە ھەتتا ختاي ئاساسىي قانۇنىغا ئاساسەنمۇ جىنايى قىلمىش بولمىغان سەۋەبلەر بىلەن قولغا ئالغان[29]. «جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش پرىنسىپى»(!) بويىچە ئېلىپ بېرىلغان قولغا ئېلىشلار قانۇننىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن بولغان "بىگۇناھلىق ئېھتىمالى"نى قەتئىي كۆزگە ئىلمىغانلىقتۇر. ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەر جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلگەن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئەسلىدە ھېچقانداق گۇناھى يوقلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا[30]. قوللىنىلغان ئۇسۇل ۋە ئۇسلۇبلار ئويلىشىلغاندا، ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ ياش ۋە جىنسىيەت پەرقىدىن قەتئىنەزەر شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى «جىنايەتچى» دەپ قارايدىغانلىقىنى، دىنى ۋە ئەنئەنىسىگە سادىق بولغانلارغا بولسا «تېرورچى» دەپ بەتنام چاپلانغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئېلان قىلىنغان «ئاشقۇنلۇقنىڭ 75 ئىپادىسى»[31] ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىدىن ئۆتىدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلماقتا!

يەنى 2014 - يىلى ختاي دۆلىتى تەرىپىدىن ئاشقۇنلۇقنىڭ ئالامىتى دەپ ئېلان قىلغان 75 ئالامەت قاتارىدىن تۆۋەندىكىلەر ئورۇن ئالغان: بىر چېدىرى ياكى كومپاسى بولۇش؛ ئاشخانىسىدا بىردىن كۆپ پىچىقى بولۇش؛ پاسپورتى بولۇش؛ چەتئەلگە چىقىش ياكى چەتئەلگە چىققان/چىقىپ باققان بىرى بىلەن پاراڭلىشىش؛ باشقىلارنى گۇناھ ئىشلارنى قىلماسلىققا چاقىرىش؛ ئېشىنچا يېمەكلىكى بولۇش؛ كۆن چىقىشتىن بۇرۇن ناشتا قىلىش؛ ھاراق ئىچىش ۋە تاماكا چېكىشتىن قېچىش؛ ساقال قويۇش ياكى رومال/ھىجاب ئارتىش؛ مەسچىتكە بېرىش؛ ناماز ئوقۇش؛ روزا تۇتۇش؛ DNA ئەۋرىشكىسىنى ئېلىشقا يول قويماسلىق؛ بەزىبىر ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىش؛ مەكتەپتە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئانا تىلدا سۆزلەش؛ ھىلال ئاي ۋە يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن مايكا كىيىش ياكى بۇ بەلگىلەرنى مەلۇم ئۇسۇلدا ئىشلىتىش ۋە باشقىلار كىشىلەرنىڭ جازا لاگېرىغا ئېلىپ بېرىلىشىگە يېتەرلىك سەۋەب دەپ قارالماقتا[32]. مانا بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىسىگە تايىنىپ تۇرۇپ دېيىشكە

do%C4%9Fu-t%C3%BCrkistan%E2%80%99da-kurdu%C4%9Fu-kamplar%C4%B1-anlatt%C4%-B1-15-ay-g%C3%BCne%C5%9Fi-g%C3%B6rmedim-her-an%C4%B1

(27) “2018年‘民族团结一家亲’, 和民族团结联谊活动这样开展’ («2018 - يىلى«مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە ئائىلە»، مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە دوستلۇق پائالىيىتى مانا مۇنداق ئېلىپ بېرىلدى»)”, 15.02.2018, http://www.xjtzb.gov.cn/2018-02/15/c_1122421367.htm

(28) 27 Michael R. Pompeo, “Determination of The Secretary of State on Atrocities in Xinjiang” U.S. Department of State, 19.01.2021, https://www.state.gov/determination-of-the-secretary-of-state-on-atrocities-in-xinjiang/; Edward Wong and Cris Buckley, “U.S. Says China’s Repression of Uighurs is ‘Genocide’”, The New York Times,19.01.2021, https://www.nytimes.com/2021/01/19/us/politics/trump-china-xinjiang.html#click=https://t.co/6U61qpEPKA

(29) ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئەنقەرە باش ئەلچىخانىسى، «شىنجاڭغا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى» ، 12.06.2016، http://tr.chi-na-embassy.org/tur/xwdt/t1371486.htm

(30) Tara Francis Chan, “How a Chines Region That Accounts For Just 1,5% Of The Population Became One Of The Most Intrusive Police States In The World”, Business Insider, 02.08.2018, https://www.businessinsider.com.au/xianjiang-province-china-police-state-surveillance-2018-7

(31) “新疆部分地区学习识别 75 种宗教极端活动 遇到可报警 (ئاشقۇنلۇقنىڭ 75 ئىپادىسى)”, 24.12.2014, http://www.cssn.cn/ zjx/zjx_zjsj/201412/t20141224_1454905_2.shtml

(32) Tanner Greer, “48 Ways to Get Sent to a Chinese Concentration Camp”, Foreign Policy, 13.09.2018, https://foreignpolicy.com/2018/09/13/48-ways-to-get-sent-to-a-chinese-concentration-camp/; Marcell Lui, “Xinjiang: A

بولىدۇكى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتا ئېغىر ھەق - ھوقۇقىنى دەخلى - تەرۇز قىلىپ كەلگەن ۋە دائىما ئۇلارنى نەزەردىن ساقىت قىلغان سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ كەلگەن خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن تەييارلىنىدىغان دەلىل - ئىسپات ۋە جىنايەت ئارخىپى ئاساسىدا كىشىلەرنى خىتاي دائىرىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئاخىر ئاقىۋەتتە ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، خالاس.

خىتاي دۆلىتىنىڭ كىشىلەرنى خىتايغا قايتۇرۇپ كېلىش، ئىزدىلىۋاتقان كىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا كىشىلەرگە تەھدىت سېلىپ جاسۇسلۇق قىلدۇرۇش ياكى كىشىلەرنى يوق قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك قىلمىشلارنى سادىر قىلىپ كەلگەنلىكى ھەممىگە مەلۇمدۇر. 2020 - يىلى نويابىردا قەستكە ئۇچراپ ئېغىر يارىلانغان يۇسۇپ ئەمەت مۇشۇ ئىسىملاردىن پەقەتلا بىرى. 2012 - يىلى، ئانىسىنىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن تەھدىت سېلىنىپ جاسۇسلۇققا مەجبۇرلانغان يۇسۇپ ئەمەت، ئانىسىنى قوغداش ئۈچۈن بۇنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ۋە ئافغانىستان، پاكىستان ۋە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ، ئۇچۇر توپلاشقا تەيىنلەنگەنلىكىنى تۈرلۈك ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئاشكارىلىغان[33]. يەنە رادىكال خاھىشلىق گۇرۇپپىلار بىلەن ئالاقىسى بارلىقى گۇمانى بىلەن قولغا ئېلىنغان بىر سودىگەر: «مېنى تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار ھەققىدە ئۇزلىرىگە جاسۇسلۇق قىلىش شەرتى بىلەن قويۇپ بەردى» دېگەن[34].

خىتاي دۆلىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى لاگېرلارغا قامىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب بولسا، تۈركىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 26 دۆلەتتىن خالىغان بىرىنى زىيارەت قىلغان بولۇشتۇر![35] مەزكۇر 26 دۆلەت: ئافغانىستان، ئالجىرىيە، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، ئەزەربەيجان، پاكىستان، تاجىكىستان، تايلاند، تۈركمەنىستان، تۈركىيە، جەنۇبىي سۇدان، روسىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، سومالى، سۈرىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، كېنىيە، لىۋىيە، مالايسىيا، مىسىر، نىگېرىيە، ھىندونېزىيە، ئۆزبېكىستان، ئىراق، ئىران ۋە يەمەن.

ئەھۋال مانا مۇشۇنداق بولغاچقا، تۈركىيەدە مەزكۇر كېلىشىم ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان بىرمۇ شەرقىي تۈركىستانلىق يوق دېمەكتۇر! چۈنكى، بۇ «قائىدە»گە ئاساسەن تۈركىيەدىكى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىقلار خىتاينىڭ نەزىرىدە گۇناھكار/جىنايەتچىدۇر! بۈگۈنگىچە تۈركىيەدىن شەرقىي تۈركىستانغا قايتقان نەچچە يۈزلىگەن كىشىنىڭ جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكى بىلىنمەكتە[36]. مەسىلەن، 2016 - يىلى تۈركىيەنى زىيارەت قىلغان ۋە مۇشۇ سەۋەبلىك قايتقان ھامان قولغا ئېلىنغان 17 ياشلىق ياقۇپجان نامان، بىر مەزگىلدىن كېيىن قەشقەردىكى جازا لاگېرىدا قازا قىلغان. ياقۇپجاننىڭ جەسىتى ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا دەپنە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆلۈم سەۋەبىنى ئېنىقلىغىلى بولمىغان[37].

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خىتاي كېلىشىم ئىمزالىغان دۆلەتلەر تىزىملىكىگە «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»[38] ئەزاسى ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان،

---

summary of China's concentration camps", Le Journal International, 16.12.2018, http://www.lejournalinter-national.info/en/english-xinjiang-a-summary-of-chinas-concentration-camps/

(33) Steve Chao, "Exposed: China's Surveilance Of Muslim Uighurs", Aljazeera News, 01.02.2019, https://www.alja-zeera.com/features/2019/2/1/exposed-chinas-surveillance-of-muslim-uighurs

(34) Mustafa Bağ, "Uygurlara 'Çin işkencesi': Doğu Türkistan'da neler oluyor? (ئۇيغۇرلارغا «خىتاي قىيىنىقى»: شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر بولماقتا؟)", Euronews, 14.02.2019, https:// tr.euronews.com/2019/01/05/uygurlara-cin-iskencesi-dogu-turkistan-da-neler-oluyor

(35) HRW, "Eradicating Ideological Viruses-China's Campaign of Repression Against Xinjiang's Muslims", 09.09.2018, https://www.hrw.org/report/2018/09/09/eradicating-ideological-viruses/chinas-campaign-rep-ression-against-xinjiangs

(36) "Xianjiang Victim Database", https://www.shahit.biz/eng/, 2021 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئېتىبارى بىلەن 12 مىڭ 460 جازا لاگېرى ئۇۋالچىلىقىغا ئۇچرىغۇچىغا ئائىت ساندانلار ساقلانغان تور بەت.

(37) "China: Xinjiang Outhorities Use 'Burial Management Centers' To Subvert Uyghur Funeral Tradations", Ra-dio Free Asia, 19.04.2018, https://www.refworld.org/docid/5b2221ff4.html

(38) 1996 - يىلى 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى خىتاينىڭ شاڭخەي شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن، قازاقىستان ، قىرغىزىستان ، روسىيە ۋە تاجىكىستان قاتارلىق بەش دۆلەت ئىشتىراك قىلغان يىغىندا يۇقىرىقى بەش دۆلەت بىلەن خىتاي ئارىسىدا ئايرىم - ئايرىم ئىمزالانغان «چېگرا رايوندىكى ھەربىي ساھەگە بولغان ئىشەنچىنى كۈچەيتىش كېلىشىمى» بىلەن بىرلىكتە قۇرۇلغان «شاڭخەي بەش دۆلەت ھەمكارلىقى» 2001 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۆزبېكىستاننىڭ قاتنىششى بىلەن «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئايلانغان، 2017 - يىلى 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ھىندىستان ۋە پاكىستان مەزكۇر تەشكىلاتقا رەسمىي ئەزا بولۇپ كىرگەن. خىتاي بۇ تەشكىلاتقا ئەزا

پاكىستان ۋە روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى قوشۇپ بولغان. خىتاي مانا مۇشۇنداق ئەسلىدىلا ئۆزىگە قارشى پەيدا بولۇشى مۇمكىن بولغان ھەرىكەتلەرگە قارىتا قۇرغان بۇ تەشكىلات سايىسىدە تۈزگەن كېلىشىملەر بىلەن بۇ دۆلەتلەردىن خالىغان كىشىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان بولسىمۇ، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن داۋاملىق يېڭى تەدبىرلەر ئېلىشنى داۋاملاشتۇرماقتا(39). «خىتاي - تۈركىيە جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى» بىر مەنادا تۈركىيە بىلەنمۇ يېڭى بىر «شاڭخەي ھەمكارلىق كېلىشىمى» خاراكتېرىدە بولۇپ، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىش غېمىدىن خالىي ئىستىقامەت قىلالايدىغان بىردىنبىر ئىسلام ئېلى بولغان تۈركىيەنىڭمۇ شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن خەۋپلىك ھالغا كەلتۈرۈلۈشى دېگەنلىكتۇر.

خىتاي يەنە ئوقۇش مۇناسىۋىتى بىلەن چەتئەلگە چىققان شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلارغىمۇ ئوخشاش شەكىلدە مۇئامىلە قىلماقتا. تەلەپ قىلىنغان بارلىق قانۇنىي تەرتىپلەرنى ئورۇنداپ، تۈركىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوخشىمىغان دۆلەتلەرگە ئوقۇشقا چىققان ئوقۇغۇچىلار، خىتاي نەزىرىدە بىخەتەرلىك جەھەتتە ئاجىز نوقتا دەپ قارالغان ۋە خىتايغا قايتىشقا مەجبۇرلانغان. 2017 - يىلى باھار ئايلىرىنىڭ بېشىدا، چەتئەلدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتتىكى خىتاي دائىرىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، 2017 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە «سىياسىي باھالاش» ئۈچۈن قايتىشقا چاقىرىلغان. قايتقان ئوقۇغۇچىلار قولغا ئېلىنىپ جازا لاگېرلىرىغا سولانغان، خەتەرنى سېزىپ ۋەتىنىگە قايتمىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ پاسپورت يېڭىلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق قانۇنىي رەسمىيەتلىرى تۇرۇشلۇق ئەللەردىكى خىتاي كونسۇلخانىلىرى تەرىپىدىن توختىتىلغان[40]. ئۇنىدىن باشقا، بۇ ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ پات - پات كونسۇلخانىدىن ياكى كىملىكىنى نامەلۇم كىشىلەردىن خىتايغا قايتىپ كېتىش توغرىسىدا پاراكەندىچىلىك ۋە تەھدىد تېلېفونلىرى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىسى «ئۈندىدار» ئارقىلىق تەھدىت ۋە پاراكەندىچىلىك ئۇچۇرلىرىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىمۇ «ئاشقۇنلۇق» بەتنامى بىلەن جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلگەن. ئوقۇش ئۈچۈن تۈركىيە، مىسىر[41] ياكى باشقا دۆلەتلەردە تۇرۇپ قالغان، ئاتا - ئانىسى، قېرىنداشلىرى ۋە ئۇرۇغ - تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشەلمىگىلى تۆرت يىلدىن ئاشقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ.

خىتاي دۆلىتى جازا لاگېرلىرىنى مۇستەقىل ژۇرنالىستلار ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا ئاچماغلىق، شۇنداقلا ئاتالمىش «يېڭىدىن تەربىيىلەش مەركىزى» ياكى «كەسپىي تەربىيىلەش مەركىزى» نامىدىكى لاگېرلارنى داۋاملىق قاراڭغۇ تۇتماقتا. ھالبۇكى، خىتاي دۆلەتلىك جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 103 - ماددىسىغا ئاساسەن، رايوننىڭ خەلقئارا جەمئىيەتتىن ئىزولياتسىيە قىلىنىشى، ئاساسىي قانۇن ماددىسى بىلەن كاپالەت ئاستىغا ئېلىنغان[42]. رايونغا مۇستەقىل زىيارەت قىلىش تەلىپى بولسا «ئىچكى ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق» شەرتى بىلەن قوبۇل قىلىنماقتا. ئەمما، تۈركىيەنىڭ 2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن بۇيان خەۋەر ساقلاۋاتقىنىدەك، قەستەن كېچىكتۈرۈش تاكتىكىسى بىلەن بۇ جەھەتتىكى تەلەپلەر ئۈزلۈكسىز كېچىكتۈرۈلمەكتە، قوبۇل قىلىنغان تەلەپلەر بولسا ئالدىن تەييارلانغان نەقمەيدانلارغا باشلاپ بېرىلماقتا.

شۇ جۈملىدىن، 2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تايلاند پايتەختى باڭكوكتا ئۆتكۈزۈلگەن 52 - نۆۋەتلىك شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى (ASEAN) تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنىغا قاتناشقان تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەۋلۈت چاۋۇشئوغلۇ خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى بىلەن كۆرۈشكەن ۋە جازا لاگېرلىرىنىڭ زىيارىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆۋەندىكى باياناتنى بەرگەن:

---

دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى كونترول قىلىشنى ۋە خالىغان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، بۇ نىشان ئۇمۇمەن ئەمەلگە ئاشقان.

(39) خىتاينىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دۆلەتلەر بىلەن بۆلگۈنچىلىك، ئاشقۇنلۇق ۋە تېرورلۇققا قارشى ھەمكارلىق كېلىشىملىرى بار

(40) Gizem Sade, “Çin’in Uygur diasporasını eritme taktiği; elçilik pasaportları yenilemiyor (خىتاينىڭ ئۇيغۇر دىئاسپوراسىنى ئېرىتىش تاكتىكىسى: ئەلچىلىك پاسپورتلارنى يېڭىلاپ بەرمەيۋاتماقتا)”, Euronews, 21.01.2020, https://tr.euronews.com/2020/01/26/cin-in-uygur-diasporasini-eritme-taktigi-elcilik-pasaport-lar-yenilemiyor

(41) «ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلار» بۆلىكىدە مىسىردىن قايتۇرۇلغان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ھەققىدە ئۇچۇر بېرىلگەن.

(42) Amine Tuna, Doğu Türkistan’da Asimilasyon ve Ayrımcılık, İstanbul: İHH Kitap, Kasım 2012, s. 43, https://www.ihh.org.tr/public/publish/0/30/dogu-turkistanda-asimilasyon-ve-ayrimcilik.pdf.

www.uyghurkitap.com

«ئۇيغۇر تۈركلىرى مەسىلىسى جۇمھۇر رەئىسىمىزنىڭ زىيارىتىدىمۇ (2019 - يىلى 2 - ئىيۇل) كۈن تەرتىپكە كەلگەن ئىدى. ئۈمىدىمىز ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىر خىتاي بايرىقى ئاستىدا تىنچ ۋە خاتىرجەم ياشىشىدۇر. جۇمھۇر رەئىسىمىزنىڭ زىيارىتى ئەسناسىدە خىتاي دۆلەت رەئىسى تۈركىيەدىن ئۇ رايونغا (شەرقىي تۈركىستانغا) بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىشىمىزنى تەكلىپ قىلغان ئىدى. كېيىنرەك، يەنى 24 - ئىيۇن كۈنى، تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچى مىنىستىرلىكىمىزگە كېلىپ، بۇ تەكلىپنى رەسمىي شەكىلدە يەتكۈزدى. بىز بۈگۈن بۇ توغرىلىق پاراڭلاشتۇق. بۇ تەكلىپكە جۇمھۇر رەئىسىمىز رەجەپ تايىپ ئەردوغان پرىنسىپ جەھەتتىن مۇسبەت جاۋاب قايتۇرغان ئىدى. بىز ئۇ رايونغا (شەرقىي تۈركىستان) خىتاينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئوخشىمىغان ئورگانلاردىن تەشكىللەنگەن تەخمىنەن 10 كىشىلىك بىر ئۆمەك ئەۋەتىمىز، ھەيئەتلەر ئۇ يەردىكى ئەھۋالنى نەق مەيداندا كۆرىدۇ. بىز بۈگۈن بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن مۇزاكىرە قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق»[43].

مەزكۇر كېلىشىمنى تەستىقلاش تۈركىيەنىڭ جازا لاگېرلىرى زىيانكەشلىكىنى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئۇنىڭ بىر شەكلى بولغان مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىغا ياتىدىغان خىتاينىڭ باشقا تەتبىقلاشلىرىنىمۇ بىر مەنادا (*defacto*) قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر يالغان دەلىل - ئىسپات ۋە ئۈيدۈرما جىنايەتلەرگە بىنائەن بىر ئادەم بولسىمۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان بولسا تۈركىيە بۇ نومۇسنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ، بۇ ئەھۋال شەك - شۈبھىسىز پۈتۈن دۇنيانىڭ ۋىجدانى سۈپىتىدە كۆرۈلۈۋاتقان دۆلىتىمىز تۈركىيەنىڭ ئابرۇيىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، «تۈركىيە - خىتاي جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمنامىسى»نىڭ ماقۇللىنىشى نۆۋەتتىكى دۇنيا تەرەققىياتى بىلەنمۇ ماسلاشمايدۇ. بۇنىڭ ئەڭ يېقىن مىساللىرىدىن بىرى خوڭكوڭ (شياڭگاڭ) دۇر. 2020 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، خوڭكوڭنىڭ خىتايغا ئۆتكەنلىكىنىڭ 23 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ماقۇللانغان يېڭى «دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى» خوڭكوڭ دا يۈز بەرگەن سىياسىي جىنايەتلەرگە قارىتا سوتلاش ھوقۇقىنى خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىغا بېرىش ئارقىلىق، خوڭكوڭنىڭ ئەدلىيە ئاپتونومىيىسىنى ئۇنۇملۇك بىر شەكىلدە كۈچىدىن قالدۇرماقچى بولغان. مەزكۇر قانۇن يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىگە، باشقا دۆلەتتە تۇرۇپمۇ بېيجىڭنى تەنقىد قىلغان كۆچمەن ئاھالىلەرنى ئەرز قىلىش ھوقۇقى بېرىش ئارقىلىق، چەتئەللىكلەرنىڭ خوڭكوڭدا خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنىشى ئۈچۈن يۇچۇق ئىزدىگەن[44] ۋە مەزكۇر قانۇن ئارقىلىق خىتاي بۇنىدىن بۇرۇن قولىدىكى ھوقۇق دائىرىسىدە بولمىغان خوڭكوڭنىڭ ھاياتىنى شەكىللەندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشمەكچى بولغان.

خىتاينىڭ بۇ قانۇنىنى ئېلان قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىلگىرى خوڭكوڭ بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى تۈزگەن 20 دۆلەت ئىچىدىن ئا ق ش، ئاۋۇستىرالىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، فىنلاندىيە، كانادا، گوللاندىيە، گېرمانىيە، ئىرلاندىيە ۋە يېڭى زېلاندىيە كېلىشىمنى ۋاقىتىنچە توختاتقان، باشقا دۆلەتلەر بولسا بۇ قانۇننىڭ مەزمۇنلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن[45]. دەۋەقە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، خوڭكوڭنىڭ ئەدلىيە مۇستەقىللىقىنىڭ تېخىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىشى ۋە ئەدلىيە سىستېمىسىنىڭ مەجبۇرلاش يولغا كىرىپ كۈنسېرى خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىغا ئوخشىتىلىشىدىن ئەندىشە قىلىنماقتا.

خۇلاسە كالام، بۇ شەرت - شارائىتلار ئاستىدا «تۈركىيە - خىتاي جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى»نىڭ تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسىگە قەتئىيەن يېقىن يولتىلماي بىكار قىلىنىشى كېرەك. بۇنىڭ

(43) “Doğu Türkistan’a Gözlem Heyeti Gönderiyoruz (شەرقىي تۈركىستانغا كۆزىتىش ئۆمىكى ئەۋەتىمىز)”, Doğu Türkistan Bülteni, 31.07.2019, http://www.dogutur-kistanbulteni.net/dogu-turkistana-gozlem-heyeti-gonderiyoruz/

(44) Robbie Gramer, Darcy Palder, “US PreparingtoSuspandExtraditionTreatywith Hong Kong”, Foreign Policy,13.06.2020, https://foreignpolicy.com/2020/07/13/china-hong-kong-escalation-trump-national-securit-y-law-extradition-treaty/

(45) Sarah Zheng, “Hong Kong Extradition Treaty Partners Wait to See How National Security Law Plays Out”, South China Morning Post, 15.07.2020, https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3093128/ hong-kong-extradition-treaty-partners-wait-see-how-national; Ben Westcott, “US Suspends Extradition Treaty With Hong Kong Due To Concerns Over City’s Eroding Autonomy”, CNN, 20.06.2020, https://editi-on.cnn.com/2020/08/19/asia/us-hong-kong-extradition-treaty-intl-hnk/index.html; “Hong Kong Suspend Extradition Agreements With France and Germany”, France 24, 12.08.2020, https://www.france24.com/ en/20200812-hong-kong-suspends-extradition-agreements-with-france-and-germany

ئەڭ روشەن سەۋەبلىرى ئۇشبۇ مۇلاھىزىدە بايان قىلىنغان خىتاينىڭ دۆلەت ئەمەلىيىتىدۇر. تۈركىيە بۇ قەدەم بىلەن 70 يىلدىن بېرى دۇچ كەلگەن زۇلۇم - زىيانكەشلىكلەر سەۋەبلىك ئۆزىدىن پاناھلىق ئىستىگەن شەرقىي تۈركىستانلىق بىگۇناھ مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرىگە سۇ سېپىپ، ئىنسانىي ھەق - ھوقۇق ۋە قانۇنلارنى ياقلايدىغانلىقىنى پۈتۈن دۇنياغا نامايان قىلىشى كېرەك.

## ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلار

ھاياتىي بىخەتەرلىكى بولماسلىق سەۋەبىدىن شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلغان ياكى ئايرىلغاندىن كېيىن رايوندا مەيدانغا كەلگەن ئېغىر دەرىجىدىكى ھەق - ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى سەۋەبلىك يۇرتىغا قايتىپ كېتەلمىگەن يۈز مىڭلىغان كىشىلەر بار. بۇ كىشىلەر ئاتا - ئانىلىرىدىن، جۆرە ۋە بالىلىرىدىن، قېرىنداش ۋە تۇغقانلىرىدىن يىراق بىر شەكىلدە ياشاشقا مەجبۇر بولماقتا. ئارىدىن 5 – 10 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ يېقىنلىرى بىلەن ئەقەللىي تېلېفون ئالاقىسىدىنمۇ مەھرۇم قالغانلارنىڭ سانى ئاز ئەمەس. بىز باشتىن بېرى مۇنازىرە قىلىۋاتقان ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىملىرىنىڭ قۇربانى كۆپلىگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلار بار. بۇ كىشىلەر كۆپ قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدىن بەزىدە ئۈن - تىنسىز، بەزىدە نۇرغۇن ئېتىراز - تەنقىدلەشلەرگە قارىماي، قىيىن - قىستاق، ھەتتا ئۆلۈم خەۋپى قاتارلىق كېلىپ چىققۇسى ئاقىۋەتلەرنى بىلىپ تۇرۇپ خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. تولىمۇ ئەپسۇسكى، تۈركىيەدىن ۋە ئۈچىنچى بىر دۆلەتتە بولغان تۈرك ۋەتەنداشلىرىدىن خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلەر بولغان.

2005 - يىلى كانادا ۋەتەنداشلىقىغا ئېرىشكەن، 1969 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تۇغۇلغان ھۈسەيىن جەلىل[46]، 2006 - يىلى 26 - مارت كۈنى تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن بارغان ئۆزبېكىستاندا قولغا ئېلىنىپ، خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى بىلەن مۇناسىۋىتى بار تېرورچى دەپ ئەيىبلەنگەن ھۈسەيىن جەلىل ئۈرۈمچىدە سوتلىنىپ، مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ھۈسەيىن جەلىل قولغا ئېلىنغان كۈندىن باشلاپ ئايالى ۋە ئۈچ بالىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىنمىغان. ھەتتا ئۇنىڭ كانادادىكى ئايالى ۋە بالىلىرىنىڭ تېلېفون بىلەن كۆرۈشۈش تەلىپىمۇ رەت قىلىنغان. كانادا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ھۈسەيىن جەلىلنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بۇ تەلەپ قوبۇل قىلىنمىغان. يەنە خىتايدا تۇرۇشلۇق كانادا باش ئەلچىخانىسى ھۈسەيىن جەلىل بىلەن كۆرۈشۈشنى ۋە ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى تەلەپ قىلغان، ئەمما ئۇچۇر ئېلىش تەلىپىمۇ ئىجابىي نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. 2016 - يىلى ھۈسەيىن جەلىلنىڭ جازا مۇددىتى يېنىكلىتىلىپ، 20 يىلغا قىسقارتىلغانلىقى ئېلان قىلىنغان.

ھەممىسى تۈرك ۋەتەندىشى بولغان ۋە ئۇزۇندىن بۇيان تاجىكىستان تىجارەت قىلىۋاتقان سودىگەرلەردىن ئوسمان ئەھمەد توختى (خوتەنلىك تىجارەتچى)، نۇرۇللاھ ئابلىمىت (قەشقەرلىك ئۆلىما ئابلىمىت داموللانىڭ ئوغلى)، بەختىيار ھاجى (ئۈرۈمچىلىك تىجارەتچى) ۋە ياقۇپجان ئەھمەد (خوتەنلىك تىجارەتچى) [47] قاتارلىقلار 2011 - يىلى 8 - يانۋار كۈنى تاجىكىستان ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە تاجىكىستاندا تۇرۇشلۇق تۈركىيە باش ئەلچىخانىسى تۇتقۇن قىلىنىشقا ئالاقىدار خىتاي دائىرىلىرىدىن ئۇچۇر تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بىر ئايغىچە ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن. 2011 - يىلى 6 - فېۋرالدا، تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى تاجىكىستانغا ئەۋەتكەن تۆت كىشىلىك تەتقىقات ئۆمىكى بېرىپ تاجىكىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەن سۆھبەتلەشكەن. تاجىك تاشقى ئىشلار دائىرىلىرى تۈرك ئۆمىكىگە قولغا ئېلىنغان تۈرك ۋەتەنداشلىرىنىڭ مەخپىي ھالدا خىتايغا ئەۋەتىلگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، ئەمما بۇ ھەقتە ھېچقانداق كونكرېت پاكىت تاپالمىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن. يوقاپ كەتكەنلەرنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ھازىرچە ھېچقانداق ئۇچۇر يوق.

---

(46) "Hüseyin Celil Konusunda Rapor (ھۈسەيىن جەلىل ھەققىدە دوكلات)", Gökbayrak, 12.08.2006, http://www.gokbayrak.com/haberler/huseyin-ce-lil-konusunda-rapor

(47) Doğu Türkistan İnsan Hakları İzleme Derneği, *Orta Asya ve Türk Cumhuriyetlerinden Çin'e İade Edilen Doğu Türkistanlılar Raporu*, 12.01.2021.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

2015 - يىلدىن باشلاپ تۈركىيىدە ياشاپ كەلگەن ئوسمان ئەھمەد توختى، 2018 - يىلى ئايالى ۋە ئۈچ بالىسى بىلەن ئۆمرە زىيارىتى ئۈچۈن بارغان سەئۇدى ئەرەبىستاندا قولغا ئېلىنىپ خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

نۇرۇللاھ ئابلىمىتمۇ 2016 - يىلى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. تۈغقانلىرىنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، نۇرۇللاھ ئابلىمىتنىڭ ئۇرۇمچىدە تۈرمىدە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقى، لېكىن قايسى تۈرمىدە ۋە نېمە سەۋەبلىك تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق ئۇچۇر يوق ئىكەن. تاجىكىستاندا قولغا ئېلىنغان نۇرۇللا ئابلىمىت تۈركىيەگە ئەۋەتىلىشنى تەلەپ قىلغان، ئەمما بۇ تەلىپى قوبۇل قىلىنمىغان ۋە خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن.

ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇرھان كېرىم، مۇھەممەد ئەلى ۋە ئادىلجان توختى قاتارلىق ئۇيغۇرلار 2018 - يىلى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئىستانبۇل 26 - جىنايى ئىشلار يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇزاكىرىلىشىشى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئىستانبۇل مالتەپە تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئىستانبۇل جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى چەتئەللىكلەر شۆبىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. بۇ شەخسلەر «تېرورلۇق تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى» دېگەن ئەيىبلەش بىلەن 14 ئاي تۇتۇپ تۇرۇلغان. ئادۋوكاتلىرىنىڭ قويۇپ بېرىش تەلىپى رەت قىلىنغان ئۈچ ئۇيغۇر ھەققىدە بىر تەرەپ قىلىش داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە، جامائەت خەۋپسىزلىك باش ئىدارىسى تەرىپىدىن ئارخىپ ھۆججىتىگە قوشۇلغان بىر دوكلاتتا تېرورلۇق تەشكىلاتىغا ئەزا يىغىش بىلەن ئەيىبلەنگەن بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەققىي جىنايەتچى ئەمەسلىكى توغرىسىدا كۈچلۈك بىر قانائەت ھاسىل قىلىنغانلىقى ئىپادە قىلىنغان بولسىمۇ، قويۇپ بېرىلىش تەلەپلىرى رەت قىلىنغان. ئاقىۋەتتە، بۇرھان كېرىم، مۇھەممەد ئەلى ۋە ئادىلجان توختىلار ئادۋوكاتلىرى ياكى ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا خەۋەر قىلىنماي خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. ئادۋوكاتلار بۇ شەخسلەرنىڭ خىتايغا ئەۋەتىلگەنلىك ئۇچۇرلىرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىككى قېتىم سۈرۈشتۈرۈش باشلىتىشقا مەجبۇر بولغان. ئىككى يىلدىن بۇيان بۇرھان كېرىم، مۇھەممەد ئەلى ۋە ئادىلجان توختىلاردىن ھېچقانداق خەۋەر يوق[48].

ئەرشىدىن ئىسرائىل[49] شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتى قورغاس ناھىيىسىدە توغۇلغان بولۇپ، 1999 - يىلى بۆلگۈنچىلىك جىنايىتى بىلەن ئالتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئەرشىدىن ئىسرائىل 2009 - يىلى 5 - ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن نەزەربەند قىلىنغان. ئۇ تۇتۇپ تۇرۇلغان جايدا قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەن شۆھرەت تۇرسۇن ۋەقەسىگە شاھىت بولغان. كېيىن تاراتقۇلاردا گۇۋاھلىقىنى ئورتاقلاشقان ئەرشىدىن ئىسرائىل ئۆزىنىڭ ئىزدىلىۋاتقانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، تۆت كۈن يول مېڭىپ ئاخىرى چېگرادىن ئۆتۈپ، 2009 - يىلى 24 - سىنتەبىردە قازاقىستانغا يېتىپ بارغان ۋە «ب د ت مۇساپىرلار ئىشلىرى ئالىي كومىسسارلىقى قازاقىستان ئىشخانىسى»غا پاناھلىق تىلىگۈچى سۈپىتىدە ئىلتىماس قىلغان. 2010 - يىلى 3 - ئايدا ئىلتىماسى قوبۇل قىلىنغان ئەرشىدىن ئىسرائىلغا 2010 - يىلى 4 - ئايدا شىۋىتسارىيەدە ئولتۇراقلىششقا ئىجازەت بېرىلگەن. ئەمما ۋە لېكىن، قازاق دائىرىلىرى ئەرشىدىن ئىسرائىلنىڭ قازاقىستاندىن چىقىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇش بېرىشنى رەت قىلغان. ئەرشىدىن ئىسرائىل 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قازاقىستان ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان، شۇ كۈندىن باشلاپ يەنە بەش قېتىم پاناھلىق تىلىگەن. 2011 - يىلى 27 - ماي كۈنىدىكى ئاخىرقى قېتىملىق سوتتىن كېيىن، پاناھلىق ئىلتىماسى ۋە ئادۋوكاتىنىڭ قايتا سوتلاش تەلىپى رەت قىلىنغان ئەرشىدىن ئىسرائىل، قازاقىستاندىكى تۇغقانلىرىنىڭ نارازىلىق نامايىشلىرىغا قارىماي 29 - ماي كۈنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

قازاقىستان تەرىپىدىن 2001 - يىلى 12 - ئايدا خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ئابدۇلقادىر ئىدرىس، ئەھمەد مەمەت ۋە تۇرغۇن ئابباس ئىسىملىك ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدىمۇ ھازىرغىچە ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشىلمىگەن.

---

(48) Cihat Arpacık, “Yetkililer “Uygurlar Çin’e İade Edilmeyecek Dese De Henüz Kanun Çıkmadan Gönderilenler Var: Bir Gece Ansızın İade Edilen Üç Uygur’un Hikayesi (دائىرىلەر گەرچە «ئۇيغۇرلار جۇڭگوغا قايتۇرۇلمايدۇ» دېسىمۇ، تېخى قانۇن يولغا قويۇلماي تۇرۇپلا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلەر بار: بىر كېچىدە تۇيۇقسىزلا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ ھېكايىسى)”, 31.12.2020, https://www.indyturk.com/node/293546/haber/yetkililer-uygurlar-çine-iade-edilmeyecek-dese-de-henüz-kanun-çıkmadan

(49) Dünya Uygur Kurultayı, “Kazakistan Uygur Sığınmacıyı Çin’e mi İade Etti? (دئۇق، «قازاقىستان ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەردىمۇ؟»)”, 31.05.2011, https://www.uyg-hurcongress.org/tr/kazakistan-uygur-siginmaciyi-cine-mi-iade-etti/

شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان زىننەتگۈل تۇرسۇن ۋە ئۇنىڭ باللىرى سېخىنۇر (تۆت ياش) ۋە سەبىھە (بىر يېرىم ياش) 2019 – يىلى 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئىزمىردا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان قايتۇرۇلۇش مەركىزىدىن تاجىكىستانغا ئەۋەتىلگەن، ئۇ يەردىن خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. باللار زىننەتگۈلنىڭ غۇلجا شەھرى سۇيدۇڭ بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاپىسى روشەنگۈل ياسىنغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن بولۇپ، زىننەتگۈلنىڭ جازا لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكى ۋە لاگېردا قازا قىلغان بولۇشى مۇمكىنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە[50]. زىننەتگۈل تۇرسۇن ۋە باللىرىنىڭ تاجىكىستانغا ئەۋەتىلىشىدىن كېيىن، تۈركىيە ئۈچىنچى دۆلەت ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى خىتايغا ئەۋەتىش بىلەن ئەيىبلەنگەن[51].

مىسىردا ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار 2017 - يىلى خىتاي - مىسىر بىرلەشمە ھەرىكىتى نەتىجىسىدە قولغا ئېلىنغان ۋە خىتايغا ئەۋەتىلگەن[52]:

**مەمەتجان ئەمەت:** قەشقەرلىك. 2017-09-01 - كۈنى قولغا ئېلىنغان ۋە قايتا ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشىلمىگەن.

**مەمەت ئابلا ئاتاۋۇللا:** خوتەنلىك. 2017-09-01 - كۈنى قولغا قولغا ئېلىنغان ۋە قايتا ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشىلمىگەن.

**ئابدۇرەقىپ ئابدۇرەھىم:** ئاقسۇ توقسۇلۇق. 2017-09-01 - كۈنى قولغا قولغا ئېلىنغان ۋە جازا لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەن.

**شىرئەلى شىرزات:** قەشقەرلىك. 2017-09-01 - كۈنى قولغا قولغا ئېلىنغان ۋە قايتا ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشىلمىگەن.

**نۇرمۇھەممەد ئۇبۇل:** قەشقەر قارغىلىقلىق. 2017-09-01 - كۈنى قولغا قولغا ئېلىنغان ۋە قايتا ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشىلمىگەن.

**شەھىدۇللاھ جالالىددىن:** 2017-09-01 - كۈنى قولغا قولغا ئېلىنغان ۋە قايتا ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشىلمىگەن.

**ئابدۇۋەلى ھەسەن:** كورلالىق. 2017-08-31 - كۈنى قولغا قولغا ئېلىنغان ۋە قايتا ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشىلمىگەن.

**ئەكبەر ئوسمان:** قەشقەرلىك. 2017 - يىلى 7 - ئايدا قولغا قولغا ئېلىنغان ۋە قايتا ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشىلمىگەن.

**مۇختەر روزى:** مارالبېشىلىق. 2017-09-16 - كۈنى قولغا ئېلىنغان ۋە جازا لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەن.

**ئىلياسجان راھمان:** قەشقەرلىك. 2017-09-01 - كۈنى قولغا قولغا ئېلىنغان ۋە جازا لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەن.

**رەھىمجان ئازات:** غۇلجالىق. 2017-09-01 - كۈنى قولغا قولغا ئېلىنغان ۋە قايتا ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشىلمىگەن.

**سىدىق مەھمۇد:** قومۇللۇق. 2017 - يىلى 7 - ئايدا قولغا قولغا ئېلىنغان ۋە قايتا ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشىلمىگەن.

---

(50) “Türkiye’den İade Edilen Zinnetgül Tursun’un Öldüğü İddia Edildi (تۈركىيەدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن زىننەتگۈل تۇرسۇننىڭ ئۆلگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە)”, Doğu Türkistan Bülteni, 02.08.2020, htt-ps://www.doguturkistanbulteni.net/turkiyeden-iade-edilen-zinnetgul-tursunun-oldugu-iddia-edildi/

(51) Areeb Ullah, “Turkey Accused Of Deporting Uighurs Back To China Via Third Countries”, 27.07.2020, https://www.middleeasteye.net/news/uighurs-china-turkey-accused-deporting-third-countries

(52) Doğu Türkistan İnsan Hakları İzleme Derneği, *Orta Asya ve Türk Cumhuriyetlerinden Çin’e İade Edilen Doğu Türkistanlılar Raporu*, 12.01.2021.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

**ئابدۇغۇپۇر ئەھەد:** قەشقەر پەيزىۋاتلىق. 2017 - يىلى 8 - ئايدا قولغا قولغا ئېلىنغان ۋە قايتا ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشىلمىگەن.

**ھەزىرتئەلى ئابدۇلكەرىم:** سانجىلىق. 2017 - يىلى 7 - ئايدا قولغا قولغا ئېلىنغان ۋە قايتا ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشىلمىگەن.

**ئەۋزەل مەمەتجان:** غۇلجالىق. 2017 - يىلى 7 - ئايدا قولغا قولغا ئېلىنغان ۋە قايتا ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشىلمىگەن.

**ئابلىز مۇھەممەت ئۆمەر:** خوتەنلىك. 2017 - يىلى 8 - ئايدا قولغا قولغا ئېلىنغان ۋە قايتا ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشىلمىگەن.

**ئادىل ھاشىم:** ئاقسۇ توقسۇلۇق. 2017 - يىلى 7 - ئايدا قولغا قولغا ئېلىنغان ۋە قايتا ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشىلمىگەن.

**مەھمۇد ھاجى:** 2017 - يىلى 7 - ئايدا قولغا قولغا ئېلىنغان ۋە قايتا ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشىلمىگەن.

**ئوسمان ئابلىكىم:** خوتەنلىك. 2017 - يىلى 7 - ئايدا قولغا قولغا ئېلىنغان ۋە قايتا ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشىلمىگەن.

**پەرھات:** كورلالىق. 2017 - يىلى 7 - ئايدا قولغا قولغا ئېلىنغان ۋە قايتا ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشىلمىگەن.

**ئابدۇسالام توختى روزى:** خوتەنلىك. 2017 - يىلى 7 - ئايدا قولغا قولغا ئېلىنغان ۋە قايتا ھېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشىلمىگەن.

خىتاي بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى تۈزگەن نۇرغۇن دۆلەتلەر تەلەپ قىلىنغان كىشىلەر توغرىسىدا تەكشۈرۈشنى تاماملاشنى كۈتمەيلا ئۇ كىشىلەرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكتە. بۇ دۆلەتلەردىن بىرى تايلاندتۇر. تايلاند ھۆكۈمىتى 2015 - يىلى 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى 173 ئۇيغۇرنى تۈركىيەگە ئەۋەتكەن بولۇپ، ئارقىدا قالغانلار دەسلەپتە 90 كىشى دېيىلگەن، ئەمما كېيىنچە 109 كىشى ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن[53].

2015 - يىلى خىتاي رېجىمىنىڭ بېسىملىرىدىن قېچىپ ھىندونېزىيەگە پاناھلىق تارتىپ بارغان، ئەمما چېگرادىن قانۇنسىز يوللار بىلەن كىرگەنلىكى باھانىسى بىلەن بەش يىللىقتىن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئەھمەد مەھمۇت، ئابدۇلباست تۇزەر، ئابدۇللاھ بايرام، ئەھمەت بوزئوغلان ئىسىملىك تۆت ئۇيغۇر، 2020 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ھىندونېزىيە كۆچمەنلەر ئىدارىسى قارمىقىدىكى قايتۇرۇش مەركىزىگە ئېلىپ كېتىلگەن، قويۇپ بېرىلىشنى تەلەپ قىلغان بارلىق چاقىرىقلارغا قارىماي، 2020 - يىلى 9 - ئاي ئىچىدە ئەھمەت بوزئوغلاندىن باشقا ئۈچ كىشى خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن[54].

دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلەردىن باشقا، يەنە زىيارەت ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن باشقا دۆلەتكە بارغان ۋە كەينىدە قالدۇرۇپ كەتكەن جۈرىسى، بالا - چاقىلىرى، چوڭلىرى ۋە ئۇرۇغ - تۇغقانلىرى بىلەن قايتا ئالاقىلىشالمىغانلارمۇ بار. خوتەنلىك ئابدۇلئەزىز ئەنە شۇلاردىن بىرى. ئابدۇلئەزىز 2017 - يىلى 7 - ئايدىن بېرى ئايالى ۋە تۆت بالىسىدىن خەۋەر ئالالمايۋاتماقتا. 2018 - يىلى، ئەڭ چوڭ بالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان قېيىنئانىسى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇلئەزىز، ئايالى ۋە قالغان ئۈچ بالىسىنىڭ

(53) “Tayland 90 Uygur’u Çin’e İade Etti (تايلاند 90 ئۇيغۇرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەردى)”, 09.07.2015, Hürriyet, https://www.hurriyet.com.tr/dunya/tayland-90-uy-guru-cine-iade-etti-29500619

(54) “İstanbul’daki Endonezya Başkonsolosluğu Önünde Basın Açıklaması (ئىستانبۇلدىكى ھىندونېزىيە باش كونسۇلخانىسى ئالدىدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش)”, Kırım Haber Ajansı, 28.10.2020, htt-ps://qha.com.tr/haberler/dogu-turkistanlilardan-endonezya-baskonsoloslugu-onunde-protesto/266866/

ئىز - دېرىكىنى تا ھازىرغىچە تاپالمىغان. ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ھەر خىل ئاماللارنى ئىشلىتىپ باققان ئابدۇلئەزىز ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىككى قېرىندىشى بىلەن ئالاقىلىشالمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن[55].

شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپ تۈركىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئابدۇراھمان توختىنىڭ ئاڭلىتىشىچە، ئايالى ۋە باللىرى بىرقانچە يىل ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستانغا تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن قايتقاندىن كېيىن ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن. ئايالى ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇرراھمان توختى باللىرىنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىغان. پەقەت 2020 - يىلى 1 -ئايدا، خىتاي ئىجتىمائىي ئالاقە تورىدا بىر سىن كۆرۈنۈشتە تۆت ياشلىق ئوغلىنى كۆرگەنلىكىنى، ئوغلىنىڭ سىن كۆرۈنۈشتە خىتايچە سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ئابدۇرراھمان توختى، بالىسىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن سۆيۈنگەن بولسىمۇ، ئەمما ھازىرقى ئامالسىزلىقى يۈزىدىن ھەر دەقىقە پۇچۇلماقتا[56].

مەرىپەت، تۈركىيەدىكى كېسەلچان دادىسىغا قاراش ئۈچۈن يولدىشى بىلەن بىللە شەرقىي تۈركىستاندىن يولغا چىقىش ئالدىدا تۆت بالىسىنى مومىلىرىغا تاپشۇرۇپ چىققان. لېكىن، چەتئەلگە ساياھەتكە چىقىشتەك «بۆزغۇنچىلىق جىنايىتى» بار مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ جازا لاگېرلىرىغا قامىلىشقا باشلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ زىيارەت سەپىرى سۈرگۈنگە ئايلانغان. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن قېيىنئانىسىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى ۋە ئۈچ ياشتىن سەككىز ياشقىچە بولغان باللىرىنىڭ دارىلئېتامغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان 29 ياشلىق دىلى خەستە ئانا باللىرى ۋە قېيىنانىسىنى قايتا كۆرەلەمدۇ يوق بۇنىسى نامەلۇم[57].

شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان جازا لاگېرلىرى سانسىزلىغان بالىلارنى ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىپ تاشلىدى. مەسىلەن، تۈركىيەدە تۇرۇۋاتقان 14 ئۇيغۇر ئائىلىسى ۋە بىر قازاقىستان ئالمائاتادا ياشاۋاتقان بىر قازاق بىلەن كۆرۈشكەن مۇخبىرلار، بۇ ئائىلىلەرنىڭ كەينىدە جەمئىي 56 بالا قېلىپ قالغان بولۇپ، بۇ بالىلاردىن 14 نىنىڭ دارىلئېتام ۋە ياتاقلىق مەكتەپلەردە ئىكەنلىكى، قالغان بالىلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر يوقلىقىنى يازغان. بۇ ئائىلىلەرنىڭ قېلىپ قالغان باللىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئېھتىماللىقى بولغان قۇرامىغا يەتكەن تۇغقانلىرىنىڭمۇ كۆپىنچىسى جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلگەن. رايوندا جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ كېتىلگەنلەرنىڭ ۋە شەرقىي تۈركىستان سىرتىدىكىلەرنىڭ باللىرىنىڭ يىغىدىن ئېچىلغان دارىلئېتاملارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىغا ئائىت ھېسابسىز پاكىتلار بار. بۇ ئورگانلار ئوخشاش ۋاقىتتا، بالىلارنىڭ ئۆز ئائىلە ۋە مەدەنىيەتلىرىدىن قانداق قىلىپ سىستېمىلىق بىر شەكىلدە ئايرىۋېتىلگەنلىكىنىڭ ئەڭ كونكرېت ئىسپاتىدۇر. خىتاي ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەت باللىرىغا خىتاي ئورتاق تىلى ئۆگىتىلىدىغان ۋە ئانا تىلىدا سۆزلىگەن ھامان جازالىنىدىغان نەچچە ئونلىغان ياتاقلىق مەكتەپ ئاچقان[58].

## تۈرك قانۇنىدا جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ تەتبىقلىنىشى

جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۇقۇمى:

(55) “Uygur’un Kayıp Çocukları ve hikayeleri (ئۇيغۇرنىڭ غايىپ بولغان باللىرى ۋە ھېكايىلىرى)”, CNN Türk, 21.09.2018, https://www.cnnturk.com/dunya/cinin-ye-tim-cocuklari

(56) “Yarım Milyon Uygur Çocuk Asimilasyon Kamplarına Dolduruldu (يېرىم مىليون ئۇيغۇر ئۆسمۈر ئاسسىمىلياتسىيە لاگېرلىرىغا قامالدى)”, Dünya Bülteni, 30.12.2019, https://www. dunyabulteni.net/asya/yarim-milyon-uygur-cocuk-asimilasyon-kamplarina-dolduruldu-h456565.html

(57) “Uygur Türkü Anne Feryat Etti! ‘Ağlamadığım Bir Gün Bile Yok’ (ئۇيغۇر ئانىنىڭ داد - پەريادى: مەن يىغلىمىغان بىر كۈنىمۇ يوق)”, Yeni Akit, 22.09.2018, https://www.yenia-kit.com.tr/haber/uygur-turku-anne-feryat-etti-aglamadigim-bir-gun-bile-yok-520003.html

(58) “China is Putting Uighur Children in ‘Orphanages’ Even if Their Parents Are Alive”, Independent, 21.09.2018, https://www.independent.co.uk/news/world/asia/china-uighurs-human-rights-muslims-orphanages-xinji-ang-province-reeducation-a8548341.html

www.uyghurkitap.com

بىر دۆلەتتە سادىر قىلىنغان ياكى سادىر قىلىنغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بىر جىنايەت سەۋەبلىك ھەققىدە جىنايى ئىشلار بويىچە سۈرۈشتۈرۈش ياكى پاش قىلىش باشلىتىلغان ۋە ياكى جىنايىتى بېكىتىلگەن گۇماندار، ئەيىبلەنگۈچى ياكى ھۆكۈم ئالغان كىشىنىڭ، جىنايەت سادىر قىلغان دۆلەتتىن قېچىشى ياكى باشقا دۆلەتتىن پاناھلىق تەلەپ قىلىشى سەۋەبلىك جىنايەت سادىر بولغان دۆلەتنىڭ تەلىپى ياكى ھازىرنىڭ ئۆزىدە تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ ئەرز قىلىشى بىلەن جىنايى ئىشلار بويىچە تەكشۈرۈش ياكى پاش قىلىشنى ۋە ياكى جازالانغان ھالدا جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشىنىڭ ئورۇندىلىشى مەقسىتىدە تەلەپتە بولغان دۆلەتكە تاپشۇرۇلۇپ بېرىلىشىنى تەشكىللەيدىغان بارلىق قائىدە ۋە تۈزۈملەرنى كۆرسىتىدۇ.

جىنايەت ۋە جىنايەتچىلىككە قارشى كۈرەش دائىرىسىدە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىيلەشكەن ھەمكارلىقنىڭ ئەڭ كونكرېت مىساللىرىدىن بىرى جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشتۇر. جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇئەسسەسەسى ئاساسلىقى جىنايەت سادىر قىلىش ئارقىلىق بىر دۆلەتنىڭ ئاممىۋى تەرتىپىگە خىلاپلىق قىلغان جىنايەتچىنى ئالاقىدار دۆلەتكە قايتۇرۇش مەقسىتىدە ھەرىكەت قىلىدۇ ھەمدە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قوللاش ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئىدىيىسىنى ئاساس قىلىدۇ.

«ئۆتكۈزۈپ بېرىش» مەشغۇلاتىنىڭ نېگىزىدە، ھېچبىر دۆلەت ئۆز تۇپرىقىنىڭ جىنايەت سادىر قىلغان بىر شەخس ئۈچۈن پاناھ جاي بولماسلىق پرىنسىپى ياتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆتكۈزۈپ بېرىشنىڭ قانۇنىي ئاساسى جامائەت مەنپەئەتى ۋە ئادالەتنى نامايان قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈش ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭ قانۇنىي خاراكتېرى بولسا، جىنايى ئىشلار خۇسۇسىدىكى خەلقئارالىق ئەدلىيە ھەمكارلىقى سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش جىنايەتكە قارشى كۈرەشتە خەلقئارالىق بىر سەۋىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولغاچقا، بۇ ساھەدە ئىككى ياكى كۆپ تەرەپلىك خەلقئارالىق كېلىشىملەر تۈزۈلگەن ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەسمىيەتلىرى ئالدى بىلەن مۇشۇ كېلىشىملەرگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. لېكىن، دۆلەتلەرنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش جەريانى، ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۆزىدىن تەلەپ قىلىنغان دۆلەتنىڭمۇ ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشنى تەقەززا قىلىدىغان بولغاچقا، دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قانۇنلىرىدىمۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئالاقىدار بەلگىلىمە باردۇر.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان ھەرقانداق بىر خەلقئارالىق كېلىشىمنىڭ بولماسلىقى، جىنايەتچىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۆز ئالدىغا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش بولمايدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ياخشى نىيەت ۋە خەلقئارا قانۇندىكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپلىرى ئىشقا چۈشىدۇ.

تۈركىيەدە «جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش» 2016 - يىلى 5 - ماي كۈنى «رەسمىي گېزىت»تە ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان 6706 - نومۇرلۇق جىنايى ئىشلارغا ئالاقىدار خۇسۇسلاردا «خەلقئارالىق ئەدلىيە ھەمكارلىق قانۇنى»غا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلماقتا. ئەمما، مەزكۇر قانۇنغا ئاساسەن، ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەسمىيەتلىرىنىڭ تەتبىقلىنالىشى ئۈچۈن بەلگىلىك شەرتلەر ھازىرلىنىشى كېرەك. تەرەپلەر ئارىسىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئالاقىداربىر خەلقئارالىق كېلىشىمنىڭ بار بولۇشى ياكى ئومۇمىي بەلگىلىملەرگە بىنائەن قايسى تەرتىپلەرنىڭ قوللىنىلىدىغانلىقى بېكىتىلگەن بولۇشى بىرىنچى شەرت دەپ قارالماقتا. ئۇنىڭدىن قالسا، ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە سەۋەب بولغان جىنايەت ۋە تەتبىقلىنىدىغان تەرتىپلەرگە دائىر ھۆكۈملەر چوقۇم بېكىتىلگەن بولۇشى كېرەك.

قانۇنەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەسمىيەتلىرى ئوخشىمىغان دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئوخشىمىغان سىستېمىلارغا باغلانغان بولسىمۇ، تۈرك قانۇنلىرىدا، ئۆتكۈزۈپ بېرىش جەريانى «ئارىلاشما سىستېما» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ھەم ئەدلىيە ھەم مەمۇرىي تەرەپكە ئىگە سىستېما بولۇپ، بۇ سىستېمىدا كەلگەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپلىرى ئالدى بىلەن ۋەزىيە ئۈستىدىكى ۋە ھوقۇقلۇق سوتلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىشقا بولۇش - بولماسلىق تەكشۈرۈشىدىن ئۆتمەكتە. ئەگەر سوت مەھكىمىسى كەلگەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىلتىماسىنىڭ قوبۇل قىلىشقا بولۇش - بولماسلىقىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، تەلەپنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ دەپ رەت قىلسا، ھۆكۈمەت بۇ قارارغا رىئايە قىلىدۇ ۋە شەخس ئۆتكۈزۈپ بېرىلمەيدۇ. ئەكسىچە، سوت ئالاقىدار تەلەپنى قوبۇل قىلسا، ئاخىرقى قارار ھۆكۈمەتكە تەۋە بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھۆكۈمەتنىڭ شەخسنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش

ياكى بەرمەسلىك نوقتىسىدا بىر ئىختىيار ھوقۇقى باردۇر. تۈرك قانۇنلىرىدا قوللىنىلغان تەرتىپ تۆۋەندىكىچە داۋام قىلماقتا: ئۆتكۈزۈپ بېرىش جەريانى 6706 - نومۇرلۇق قانۇن ۋە «جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە دائىر ياۋروپا ئەھدىنامىسى» بىلەن بېكىتىلگەن تەرتىپلەرگە ئۇيغۇن شەكىلدە، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە دىپلوماتىك يول بىلەن ئەۋەتىلىدىغان بىر ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپنامىسى بىلەن باشلىنىدۇ، ئاندىن بۇ تەلەپنامە 6706 - نومۇرلۇق قانۇندا بەلگىلەنگەن «مەركىزى ئورگان» سالاھىيىتىدىكى ئەدلىيە مىنىستىرلىكىگە ئەۋەتىلىدۇ. ئەدلىيە مىنىستىرلىكى تەلەپنامە ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە ھۆججەتلىرىنىڭ تەرتىپكە مۇۋاپىق ۋە تولۇق ئىكەنلىكى بارىدا قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئالاقىدار ھۆججەتلەر يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە يوللىنىش ئۈچۈن، جۇمھۇرىيەت باش تەپتىش مەھكىمىسىگە يوللىنىدۇ ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەسمىيىتى باشلىنىدۇ. ئەدلىيە ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنى قوبۇل قىلىش قارار قىلىنغان ئەھۋال ئاستىدا، چەتئەللىك شەخسنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى تاشقى ئىشلار ۋە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكلىرىنىڭ پىكرى ئېلىنىپ ۋە ئەدلىيە مىنىستىرىنىڭ تەكلىپى ۋە جۇمھۇررەئىسىنىڭ تەستىقىغا قاراپ ئېلىپ بېرىلىدۇ.

تەكتىلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، يۈزگۆزۈلگەن ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ھۆكۈم قىلىش جەريانى نوقۇل تەرتىپىي بىر ھۆكۈم جەريانى بولۇپ، ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋە خەلقئارا ئەھدىنامەلەر ۋە قانۇنلار تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئومۇمىي بەلگىلىمىلەرگە مۇۋاپىق ھالدا ئېلىپ بېرىلماقتا. ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان كىشىنىڭ جىنايى قىلمىش شەكىللەندۈرگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىش - ھەركىتىنىڭ ۋە ياكى بېرىلگۈسى جازانىڭ ئاساسىغا قارىتا بىر ھۆكۈم قىلىش ئالدىن مۆلچەرلەنمەيدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، ئۇشبۇ دوكلاتنىڭ تېمىسى بولغان «كېلىشىمنامە»نىڭ تەستىقلىنىشى ھازىرنىڭ ئۆزىدە قىلىنغان ھۆكۈم قىلىشلار ۋە ئارقىسىدىن شەكىللەندۈرۈلگەن تەرتىپلەر بىلەن سىياسىي ئىرادىنىڭ ھاكىمىيىتىدە بولغان ئۆتكۈزۈپ بېرىش جەريانىدا كەلگۈسىدە شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش مۇمكىنچىلىكى ۋە ھەق - ھوقۇق دەخلى - تەرۇزلىرىغا ئۇچرىشى مۇمكىن بولغان شەرت - شارائىتلارنىڭ بارلىققا كېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇسى خەتەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا.

## ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇئەسسەسەسىدە قوللىنىلىدىغان ئومۇمىي بەلگىلىمىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە

2016 - يىلى ماقۇللانغان «خەلقئارا ئەدلىيە ھەمكارلىق قانۇنى» بىلەن «تۈرك جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئالاقىدار 18 - ماددىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن تۈرك قانۇنلىرىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇئەسسەسەسى 6706 - نومۇرلۇق قانۇن ۋە تۈركىيە تەرەپتار بولغان ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە دائىر خەلقئارالىق كېلىشىملەردە بەلگىلەنگەن ھۆكۈملەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىنماقتا. ئالدى بىلەن ئىپادىلەش كېرەككى، جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۇقۇمى پەقەت چەتئەل گراژدانى شەخسلەر ئۈچۈنلا كۈچكە ئىگە. چۈنكى، خەلقئارالىق قانۇننىڭ ئومۇمىي پرىنسىپىغا ئاساسەن، بىر دۆلەت ئۆز ۋەتەندىشىنى باشقا ھەرقانداق بىر دۆلەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ، سوتلىنىش كېرەك بولغان خۇسۇسلار ئۆز قانۇنلىرىغا ئاساسەن قاراپ چىقىلىدۇ. «تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنى»نىڭ 38 - ماددىسىنىڭ ئاخىرقى تارمىقىدا: «*ۋەتەنداشلار، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىگە تەرەپتار بولۇشتىن كېلىپ چىققان مەجبۇرىيەتلەرنىڭ سىرتىدا، جىنايەت سەۋەبلىك يات بىر دۆلەتكە بېرىلمەيدۇ*» دېگەن ھۆكۈمگە ئىگىدۇر.

6706 - نومۇرلۇق قانۇنغا مۇۋاپىق ئېلىپ بېرىلىدىغان تەكشۈرۈشلەر بولسا، ئۆتكۈزۈپ بېرىش دائىرىسىدىكى جىنايەتلەر قانۇننىڭ 10 - ماددىسىنىڭ ئىككىنچى تارمىقىدا بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمە بويىچە تەلەپ قىلغان دۆلەتنىڭ قانۇنى ۋە تۈركىيە قانۇنىغا ئاساسەن، تەكشۈرۈش ياكى پاش قىلىش باسقۇچىدا ئەڭ يۇقىرى چېكى بىر يىل ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئەركىنلىككە چەك قويىدىغان جازاغا لايىق جىنايەتلەر ھەققىدە ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپى قوبۇل قىلىنسا بولىدۇ. جەزىملەشكەن جازا ھۆكۈم قارارلىرى نۇقتىسىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن، بېكىتىلگەن جازانىڭ ئەڭ ئاز تۆت ئاي ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلغۇچى جازا

www.uyghurkitap.com

بولۇشى كېرەك. ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان كىشىنىڭ بىردىن كۆپ جىنايىتى بار ئەھۋال ئاستىدا، بۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ جازاسى بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن ئاز بولغان تەقدىردىمۇ بىرلىكتە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشكە يول بار. شۇ قانۇننىڭ 10 ـ ماددىسىنىڭ 4 ـ تارمىقىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ئەھۋال ئاستىدا، شەخس پەقەت ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارارىغا تايانغان ھالدا تەشكىل قىلغان جىنايەتلەر سەۋەبلىك سوتلانسا بولىدۇ ياكى شەخس ئۈچۈن بېكىتىلگەن جازا ئىجرا قىلىنسا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆتكۈزۈپ بېرىش جەريانى داۋاملىشىۋاتقان ئەسنادا، ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ پىكرىنى ئالماي تۇرۇپ چەتئەل گراژدانىنى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىشقا بولمايدۇ (6706 ـ نومۇرلۇق قانۇن ماددا 12).

«جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپى»نى قوبۇل قىلىشقا بولمايدىغان ھاللار بولسا 6706 ـ نومۇرلۇق قانۇننىڭ 11 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، خەلقئارا سوت مەھكىمىسىگە تەرەپتار بولۇشتىن تۇغۇلغان مەجبۇرىيەتلەر سىرتىدا بولۇش شەرتى بىلەن، ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان كىشىنىڭ تۈركىيە ۋەتەندىشى بولۇشى، ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان كىشىنىڭ ئىرقى، ئېتنىك كېلىپ چىقىشى، دىنى، گراژدانلىقى، مەلۇم بىر ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە مەنسۇپ بولۇشى ياكى سىياسىي مەيدانى سەۋەبلىك بىر تەكشۈرۈش ياكى ئېنىقلاشقا دۇچار بولۇشى، ياكى جازالاندۇرۇلىدىغانلىقىغا ۋە ياكى قىيىن ـ قىستاق ياكى ناچار مۇئامىلىگە ئۇچرايدىغانلىقىغا دائىر كۈچلۈك گۇمان سەۋەبلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، تەلەپ قىلىنغان كىشى ھەققىدە تەلەپكە سەۋەب بولغان ئىش ـ ھەركىتى سەۋەبلىك بۇندىن بۇرۇن تۈركىيەدە گۇناھسىز دەپ ئاقلىنىش ياكى جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان بولۇشى ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىش تەلىپىنىڭ ئۆلۈم جازاسى ياكى ئىنسانىي ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر جازانى تەقەززا قىلغان جىنايەتلەرگە ئالاقىدار بولۇشتەك ئەھۋاللاردا، گۇناھكار/جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇلار بىلەن بىللە، شۇ قانۇننىڭ 11 ـ ماددىسى 4 ـ تارمىقىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان كىشىنىڭ تەلەپ قىلىنغان تارىختا 18 ياشقا توشمىغان بولۇشى، ئۆزۈندىن بۇيان تۈركىيەدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان بولۇشى ياكى ئۆيلەنگەن بولۇشى قاتارلىق شەخسىي ئەھۋاللىرى سەۋەبلىك ئۆتكۈزۈپ بېرىشنىڭ شەخسنىڭ ئۆزى ياكى ئائىلىسىنى، قىلمىشنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسى بىلەن ئوڭ تاناسىپسىز شەكىلدە ئۈۋۈالچىلىققا دۇچار قىلىدىغان بولۇش ئەھۋالىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان. دۆلەت ئىچى قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر تېشىدا، تۈركىيە «جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە دائىر ياۋروپا ئەھدىنامىسى»گىمۇ تەرەپتاردۇر.

جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش جىنايى ئىشلار قانۇنى ۋە دۆلەتلەرئارا قانۇنغا چېتىلىدىغان تېما بولۇش بىلەن بىرگە، بەلگىلىك قائىدە ـ نىزاملار دائىرىسىدە ئىجرا قىلىش كېرەك بولغان بىر ساھەدۇر. چۈنكى، بۇ مەشغۇلات، ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ ھوقۇقلىرىنىڭ قوغدىلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان خەلقئارالىق بىر مەسىلە. بۇ رامكا ئىچىدە، جىنايى ئىشلار قانۇنى، دۆلەتلەرئارا قانۇن ۋە ئىنسان ھەقلىرى قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپتىن تۈرلۈك قائىدە ـ نىزاملارغا بويسۇنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان كىشىلەرنىڭ قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئىگە بولغان ئەقەللىي ھوقۇقلىرىنىڭ ھەرقانداق شارائىتتا قوغدىلىشى تولىمۇ زۆرۈردۇر. «خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى خىتابنامىسى» ۋە «ياۋروپا ئىنسان ھەقلىرى ئەھدىنامىسى» قاتارلىق ئەھدىنامىلەرگە بىنائەن، كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋەتەندىشى ياكى چەتئەللىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئەھدىنامىلەردىكى بەلگىلىمىلەرگە مۇۋاپىق ھالدا ھەق ـ ھوقۇقلىرى قوغدىلىپ رىئايە قىلىنىشى كېرەك. «جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش» جەريانىمۇ بۇ ھوقۇقلارغا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ساھەلەردىن بىرىدۇر.

شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، تۈرك قانۇنلىرىغا ئاساسەن قىلىنغان ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدىكى ھۆكۈملەر نازارىلىق ئەرزىگە بىنائەن تەكشۈرۈشكە ئېلىنىش بىلەن بىرگە، ئۆتكۈزۈپ بېرىش دائىرىسى ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي ھەق ـ ھوقۇقلىرى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچراش مۇمكىنچىلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن چەتئەللىكلەرنىڭمۇ «ئاساسىي قانۇن سوت مەھكىمىسى «(AYM) ۋە «ياۋروپا ئىنسان ھەقلىرى مەھكىمىسى «(ECHR)غا ئىلتىماس قىلىش يوللىرى ئوچۇق. تۈركىيەمۇ ئەزاسى بولغان «ياۋروپا ئىنسان ھەقلىرى ئەھدىنامىسى» دائىرىسىدە نازارەت مېخانىزمى سۈپىتىدە كۆرۈلگەن «ياۋروپا ئىنسان ھەقلىرى مەھكىمىسى»غا شەخس سۈپىتىدە ئىلتىماس سۇنۇش خۇسۇسىدا تۈركىيە ۋەتەندىشى ياكى چەتئەللىك دەپ ئايرىپ مۇئامىلە

قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ياۋروپا ئىنسان ھەقلىرى ئەھدىنامىسى»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان خالىغان بىر ھەق - ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىقنى ئىلگىرى سۈرگەن بىر چەتئەللىك ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىماي تۈركىيەگە قارشى «ياۋروپا ئىنسان ھەقلىرى مەھكىمىسى»گە ئەرز سۇنالايدۇ. بۇ خۇسۇس، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ 90 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە تۈركىيەنىڭ ۋەدىلەشكەن مەجبۇرىيىتىدۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇئەسسەسەسى گەرچە ھەرقايسى تەرەپ دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئىمزالىغان كېلىشىملەر بىلەن شەكىللەندۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئالەمشۇمۇل پىرىنسىپلاردىن مۇستەقىل دەپ قاراشقا بولمايدىغان بىر مەسىلىدۇر. بۇ خىل ئەھۋالدا، ناھايىتى كۆپ تەرەپلىمىلىكىكە ئىگە بولغان ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەشغۇلاتلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل كېلىشىملەر ئىمزالىنىپ، يولغا قويۇلۇش بىلەن بىرگە، تەرەپتار ئەللەر بىلەن شەكىللەنگەن سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىغىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. مۇشۇنداق ھالدا، خىتاي تەرىپىدىن سىستېمىلىق باستۇرۇش ۋە قىيناشلارغا دۇچار بولۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىزلارغا قۇچاق ئاچقان تۈركىيە، ئۇشبۇ دوكلاتنىڭ تېمىسى بولغان «كېلىشىمنامە»نىڭ كۈچكە ئىگە بولۇپ يولغا قويۇلۇشى باسقۇچىدا شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقى، ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان ئىنسان ھەقلىرىگە سەزگۈر سىياسىتى بىلەن پاراللېل پوزىتسىيە تۇتۇشى كېرەك.

## خۇلاسە ۋە تەكلىپلەر

«خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمنامىسى» 2017 - يىلى 13 - ماي كۈنى بېيجىڭدا ئىمزالاندى. كېلىشىمنامە، ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇمكىن بولغان جىنايەتلەر، مەجبۇرىي ۋە ئىختىيارىي رەت قىلىش سەۋەبلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، گەرچە بۇ كېلىشىم خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەرىپىدىن تەستىقلانغان بولسىمۇ، ئەمما تۈركىيە بۈيۈك مىللىي مەجلىسى تەرىپىدىن تېخى تەستىقلانغىنى يوق. ئالاقىدار كېلىشىمنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن، چوقۇم ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ مەسئۇل ئورگانلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. بۇ باسقۇچتا كېلىشىمنامىنىڭ خىتاي تەرىپىدىن تەستىقلىنىشى، تۈركىيە ئۈچۈن ھېچقانداق بىر قانۇنىي تەسىر تۇغدۇرالمايدۇ ۋە دۆلەت ئىچى قانۇنىنىڭ بىر قىسمى بولالمايدۇ.

قانۇنىي نۇقتىدىن باھالىغاندا، ئەگەر مەزكۇر كېلىشىم كۈچكە ئىگە بولسا، ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ يۈز بېرىشى مۇقەررەر.

خىتاي تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا يۈرگۈزۈلگەن سىستېمىلىق بېسىم، قىيناق ۋە ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى پۈتۈن دۇنيادا ھەممىگە تونۇشلۇق ئىشلار قاتارىدا بىلىنمەكتە. بۇنىڭغا بىنائەن، مۇبادا مەزكۇر كېلىشىمنامە كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، خىتاي تەرىپىدىن تۈركىيەدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا قارىتا بېسىملارنىڭ باشقىچە بىر تۈس ئېلىشى ۋە ھەقلىرىدە ئاساسسىز ئەيىبلەشلەر بىلەن كۆتۈرۈپ چىققان ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپلىرى بىلەن تۈركىيەدىمۇ راھەت ياشىيالمايدىغان بولۇپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. دەرۋەقە، كېلىشىمنامىنىڭ خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن تەستىقلىنىشىغا ئەگىشىپلا خىتاي تاراتقۇلىرى، تۈركىيە تەرەپنىڭمۇ تەستىقلىشى بىلەن تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق توسالغۇ قالمايدىغانلىقى بارىدا ئاخباراتلار ئېلان قىلىشقا باشلىغان. مەزكۇر كېلىشىمنىڭ خىتاي كومپارتىيىسى ئۈچۈن ئادالەتنى بەرپا قىلىشتىن بەكرەك سىياسىي تۈزۈلمىگە تەھدىد دەپ قارالغان ئېلېمېنتلارنى يوقىتىش، كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنىڭ بىر ۋاستىسى سۈپىتىدە سۇيىئىستېمال ۋە سىياسىي قانۇنىيلىقنى ئاشۇرۇش قاتارلىق مەقسەتلىرى بار دەپ قارالماقتا.

ھەق - ھوقۇقلارغا دەخلى - تەرۇز قىلىشلىرى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا داڭقى كەتكەن بىر دۆلەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى ئىمزالاش، پەقەت ۋە پەقەت بارلىق جازا لاگېرلىرى تاقالغاندا، ۋەيران قىلىنغان 16,000 جامە - مەسجىد ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېتىقاد ۋە مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر قايتا قۇرۇپ چىقىلغاندا، باللار لاگېرى رولىنى ئۆتەيدىغان ياتاقلىق مەكتەپلەر ۋە دارىلئېتاملارغا قامالغان باللار ئۆز ئائىلە ۋە تۇغقانلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەندە، قۇل ئىشچىلار قويۇپ بېرىلگەندە، كىشىلەرنىڭ ئەزالىرىنى مەجبۇرىي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى تورى

سۈرگۈن ئېلىشلار توختىتىلغاندا، ئائىلە سىرلىرىنى دەپسەندە قىلىدىغان «تۇغقانلىشىش» تۈرى بىلەن شەرقىي تۈركىستانلىق ئائىلىلەر ئۈچۈن مەجبۇرىي مېھمان بولغان خىتاي مەمۇرلىرى ئۆيىگە قايتقاندا، ئاياللار ۋە ئەرلەرنى تۇغماس قىلىش توختىتىلغاندا، قىسقىسى، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا تارتىۋېلىنغان ھەق - ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەر قايتۇرۇپ بېرىلگەندە مۇمكىن بولۇشى مۇمكىن.

كېلىشىمنىڭ - ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىشىغا قارىماي - تۈركىيەدىكى خىتايلار بىلەن كارى بولماي، بىۋاستە شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى نىشان قىلغانلىقى ئېنىق. چۈنكى خىتاي تۈركىيەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان 26 دۆلەتنى «سەزگۈر دۆلەتلەر» قاتارىدا جاكارلاپ، بۇ دۆلەتلەرگە بارغان، ھەتتا بۇ دۆلەتلەردىكى تۇغقان ياكى تونۇشلىرى بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەن كىشىلەرنىمۇ تېرورچى دەپ ھۆكۈم قىلىپ، جازا لاگېرلىرىغا قامىغان. شۇڭلاشقا، مەزكۇر كېلىشىمنىڭ تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە ئۆزبېك قاتارلىق بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى جىنايەتچى ۋە تېرورچى سۈپىتىدە كۆرىدىغان خىتاي بىلەن ئىمزالىنىدىغانلىقىنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك. چۈنكى، خىتاينىڭ چۈشەنچىسى بويىچە، تۈركىيەدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلار جىنايەتچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش دائىرىسىگە كىرىدۇ! 2020 - يىلى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پروجېكتى (UHRP)» تەرىپىدىن ئېيىتتۇرۇلغان سۆھبەت يىغىنىدا سۆز قىلغان خىتاي ئادۋوكات تېڭ بياۋنىڭ ئۇيغۇرلارنى كۆرۈپ باقمىغان ۋە بىلمەيدىغان خىتايلارنىڭمۇ ئۇلارنى تېرورچى دەپ قارايدىغانلىقىنى بايان قىلغىنىدەك مەسىلە خىتاينىڭ ئۆز خەلقىگە سىڭدۈرۈشكە تىرىشقان ئاڭنى تونۇۋېلىشىمىزنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمىنىڭ تەستىقلانماسلىقىنى تەقەززا قىلىدىغان يەنە بىر مۇھىم مەسىلە، خىتاي ئىنسان ھەقلىرىگە تاجاۋۇز، قىيناق، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئۆلۈم جازاسى قاتارلىق جىنايەتلەرنى سادىر قىلماقتا.

گەرچە خىتاي «دۆلەت مەخپىيەتلىكى» بولغانلىقى ئۈچۈن ئەزەلدىن بېرى ئاشكارلاپ باقمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتلىرى، مۇستەقىل ژۇرنالىستلارنىڭ خەۋەرلىرى ۋە ھەممىدىن مۇھىمى جازا لاگېرلىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالىغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرىدىن ئوچۇقچە ئايان بولغىنىدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ب د ت «خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى خىتابنامىسى»دە ئېلان قىلىنغان پۈتۈن ھەق - ھوقۇقلىرى خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنماقتا. ب د ت «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»دە بەلگىلەنگەن بەش ماددا بىردەك دەپسەندە قىلىنماقتا، شۇنداقلا «رىم نىزامنامىسى»دە بەلگىلەنگەن «ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى» ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر»نىڭ ھەممىسى سادىر قىلىنماقتا. ئەمما، خىتاي ھەم ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ قوغدىشى، ھەم ب د ت دىكى ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ دۆلەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىش[59]، ھەمدە «بىر بەلۋاغ ، بىر يول» كەبى 100 گە يېقىن دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت زور تۈرلەر بىلەن، بولۇپمۇ ئىسلام جۇغراپىيىسى باشتا، ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرى تۆۋەن دۆلەتلەرگە بەرگەن قەرزلەر[60] بىلەن بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ تۇرماقتا. ھەتتا، بۇ دۆلەتلەر ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىغا 2019 - يىلى 12 - ئىيۇل ۋە 2020 - يىلى 7 - ئىيۇلدا ئەۋەتكەن خىتايغا مەدھىيە مەكتۇبلىرىغا ئوخشاش ئىنسانىيەت ئۈچۈن نومۇس بولغان ھۆججەت/بەلگىلەرگە ئىمزاچى بولۇشماقتا! ئۈتۈپ تېشىپ، خۇددى 3 - 8 مىليون ئادەمنى ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىپ 1,200 دىن ئارتۇق جازا لاگېرىغا تىقىپ تاشلىغان دۆلەت خىتاي ئەمەستەك، يەنە يۇقىرىقى دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 139 دۆلەتنىڭ ئاۋاز بېرىشى بىلەن خىتاي ئۈچ يىللىقىغا «ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى»نىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان![61]

---

(59) ئانادولۇ ئاگېنتلىقىنىڭ 18.01.2021 - كۈنى خەۋىرىدە، ب د ت ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارلىقى (OHCHR) دا ئىشلەۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى ئادۋوكاتى Emme Reillyنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ مەزكۇر ئورگاندا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، OHCHRئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى باشتا تىبەت ۋە خوڭكوڭلۇق ئۆكتىچىلەرنىڭ ئىسىملىرىنىمۇ خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئورتاقلاشقان. «ب د ت نىڭ ئۆكتىچىلەرنى خىتايغا پاش قىلغان سەتچىلىك يازمىچە ئالاقىلىرى ئاشكارىلاندى»
https://www.aa.com.tr/tr/ dunya/bmnin-muhalifleri-cine-ispiyonladigi-skandal-yazismalar-gun-yuzune-cikti/2113845

(60)مەسىلەن، 2016 - يىلى 4 - ئايدا 45 تەيۋەن ۋەتەندىشىنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قوشۇلغان كېنىيە، ئۆتكۈزۈپ بېرىپ بىر كۈندىن كېيىن، 2015 - 2016 خامچوت قىزىل رەقىمنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان 600 مىليون دوللار قەرز ئالغان. تەپسىلىي ئۇچۇر ئۈچۈن قاراڭ:
“The Law and Policy Context Of Extradition From Australia To The People’s Republic Of China”, Victoria University Law and Justice Journal, 32, 2017, http://kirra.austlii.edu.au/au/journals/VicULawJJl/2017/6.html

(61) Hui Mary, “China’s Election to The UN Human Rights Council Revealed Its Shaky Global Statüs”, Quartz, 14.10.2020, https://qz.com/1917295/china-elected-to-un-rights-council-but-with-lowest-support-ever/

مەزكۇر كېلىشىم سىنچىلاپ چىقىلغان بۆلۈمدە تەپسىلىي بايان قىلىنغىنىدەك، بۇ كېلىشىمدە جىنايەتلەر باھالانغان كاتېگورىيە، ۋەتەنداشلىق ھوقۇقىغا ئېرىشىشتىن ئىلگىرى چاپلانغان جىنايەتلەر، تۈركىيە قانۇنلىرىدا بولمىغان تۈرلۈك ئۆلۈم جازالىرى خىتاينىڭ تۈرلۈك سۆز ئويۇنلىرى بىلەن كېلىشىمگە كىرگۈزۈلىشى، مىليونلىغان كىشىلەرنى ھېچبىر جىنايەت ئىسپاتى يوق تۇرۇپ جازا لاگېرلىرىغا سولىۋالغان خىتاي تەرىپىدىن تەمىنلەنگۈسى «دەلىل - ئىسپات مەسىلىسى» قاتارلىق خۇسۇسلار، تۈركىيە ئۈچۈن دائىملىق مەسىلە تۇغدۇرۇش خەۋپى بولغان شۇم مەسىلىلەردۇر.

كېلىشىم تەستىقلانغان ئەھۋال ئاستىدا، خىتاي تەرىپىدىن باشلىتىلغۇسى جەريانلار نەتىجىسىدە، تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق شەرقىي تۈركىستانلىقلار تۈرلۈك قانۇنسىزلىقلارغا قارشى كۆرەش قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ ۋە بۇ ئەھۋال تۈركىيە ئۈچۈنمۇ پاسسىپ ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. دەرۋەقە، ئىلتىماس قىلغۇچىلار «ئاساسىي قانۇن سوت مەھكىمىسى»دىن ئىجابىي نەتىجىگە ئېرىشەلمىسە، «ياۋروپا ئىنسان ھەقلىرى مەھكىمىسى»گىمۇ يەككە ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى ۋە بۇ يول بىلەن تۈركىيەگە قارشى ئىلتىماس سۇنالايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك. گەرچە تۈركىيە ئۇزۇن يىللار شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى قوغداپ كەلگەن سىياسەتلىرى بىلەن دۇنيانىڭ كۆن تەرتىپىدە ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، ئەمما مەزكۇر كېلىشىم بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ھەق - ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى نەتىجىسىدە مۇھەققەق سىياسىي ۋە قانۇنىي نام - شۆھرىتىگە داغ چۈشىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، «شەرقىي تۈركىستانلىقلار "دائىش (شام ئىسلام دۆلىتى)" ۋە "پ ك ك (كۇردىستان ئىشچى پارتىيىسى - PKK)" نىڭ باشقىچە نۇسخىسى»، «سۇرىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار تۈرك ئەسكەرلىرىگە ئوق چىقىرىۋاتىدۇ» دېگەندەك باياناتلاردا بولغان بىرقىسىم سىياسىي ۋە ئىدىيىۋى گۇرۇپپىلار ھەم بار. مەزكۇر كېلىشىم تەستىقلىنىپ قالسا ۋە مۇشۇنداق پىكىردىكى كىشىلەر سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىپ قالغۇدەك بولسا، ھەم تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ خىتايغا ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلىشىنىڭ يولى ئېچىلغان بولىدۇ ھەم بۇ شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۇچرايدىغان ھەق - ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە زېمىن ھازىرلانغان بولىدۇ. ھەرقانچە كېلىشىم تېكىستىدىكى ئومۇمىي بەلگىلىمىلەر بويىچە، شەخسلەر ئىرقى، دىنى، جىنسىيىتى ياكى سىياسىي كۆزقارىشى سەۋەبىدىن سوتلىنىدىغان ياكى كەمسىتىشكە ئۇچرايدىغان ئەھۋاللاردا تەلەپنىڭ رەت قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بۇ ئەھۋال يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پىكىردىكى كىشىلەر تەرىپىدىن نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ھەق - ھوقۇقى دەخلى - تەرۇزغا دۇچار بولۇشى ھەققىدە ئېغىر ئەندىشىلەر بار.

ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇئەسسەسەسىنى سىياسىي شارائىتتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدىغانلىقى يۇقىرىدا ئىزاھلاپ ئۆتتۇلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەزكۇر كېلىشىم تەستىقلانغان تەقدىردە ئۇزۇن يىللاردىن كېيىنمۇ كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقى ۋە تۈركىيەنىڭ سىياسىي شارائىتى توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھەقىقەتنىمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان خۇسۇستۇر. شۇڭلاشقا، ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، ئۇشبۇ كېلىشىم بۈگۈن بولمىسىمۇ يىللار ئىچىدە شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، كېلىشىمگە جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، خىتاينىڭ كېلىشىم دائىرىسىگە كىرىدىغان جىنايەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىگە تۈركىيە ھەم كېلىشىمگە بىنائەن ھەم تىلغا ئېلىنغان يەرلىك قانۇن - نىزاملار بويىچە مەشغۇلات باشلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۆتكۈزۈپ بېرىش رويابقا چىقمىغان تەقدىردىمۇ تۈركىيەدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئالاقىدار مۇرەككەپ بىر ھۆكۈم جەريانىغا پېتىپ قالىدۇ. بۇمۇ ئازدەك، بۇنىڭغا تۈركىيەدىكى ھۆكۈم جەريانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى قوشۇلسا، شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇقەررەردۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تۈركلىرى تۈركىيەدە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىقامەت ئارقىلىق ياشايدىغان ۋە ئۇزۇن مۇددەتتە ۋەتەنداشلىق ھوقۇقىغا ئېرىشەلەيدىغان، مەدەنىيەت نوقتىسىدىنمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئەڭ ئاسان ماسلىشالايدىغان توپلۇقلاردىن بىرى. ئىمزا ئاستىغا ئېلىنغان بۇ كېلىشىمنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن خاھ تۈركىيەدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار بولسۇن، خاھ ئۇلار بىلەن كۆڭۈلداش تۈركىيە خەلقى بولسۇن، ھەممىنىڭ

www.uyghurkitap.com

تىنچلىقى ۋە ئىشەنچىسىنىڭ يارا ئالدىغانلىقى ۋە بۇ ئەھۋال تۈركىيەنىڭ ھەم دۆلەت ئىچى ھەم خەلقئارادىكى قانۇنىي بىخەتەرلىك ئىناۋىتىگە زىيانلىق ئىكەنلىكى ئۇچۇق - ئاشكاردۇر. قىسقىسى، قولىڭىزدىكى بۇ دوكلاتتىمۇ دېيىلگەندەك، مەزكۇر كېلىشىمنىڭ تەستىقلىنىشىغا دائىر قانۇنىي ۋە ۋىجدانىي سۈپەتتە ھېس قىلىنغان چوڭقۇر ئەندىشىنىڭ چۈشىنىلىشى ۋە ئالدى بىلەن بۇ قانۇن تەكلىپىنىڭ رەت قىلىنىشى، ئارقىدىن كېلىشىم كۈچكە ئىگە بولۇشتىن بۇرۇن بىكار قىلىنىشى ئۈمىد قىلىنماقتا. شۈبھىسىزكى، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ۋىجدانى ئۈچۈن مۇھىم بىر قارار بولۇپ قالغۇسى.

**هەق - هوقۇقلارغا دەخلى - تەرۆز قىلىشلىرى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا داڭقى كەتكەن بىر دۆلەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى ئىمزالاش، پەقەت ۋە پەقەت بارلىق جازا لاگېرلىرى تاقالغاندا، ۋەيران قىلىنغان 16,000 جامە - مەسجىد ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېتىقاد ۋە مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر قايتا قۇرۇپ چىقىلغاندا، باللار لاگېرى رولىنى ئۆتەيدىغان ياتاقلىق مەكتەپلەر ۋە دارىلئېتاملارغا قامالغان باللار ئۆز ئائىلە ۋە تۇغقانلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەندە، قۇل ئىشچىلار قويۇپ بېرىلگەندە، كىشىلەرنىڭ ئەزالىرىنى مەجبۇرىي سۇغۇرۇپ ئېلىشلار توختىتىلغاندا، پەدىشەپ/ئائىلە سىرلىرىنى دەپسەندە قىلىدىغان «تۇغقانلىشىش» تۈرى بىلەن شەرقىي تۈركىستانلىق ئائىلىلەر ئۈچۈن مەجبۇرىي مېھمان بولغان خىتاي مەمۇرلىرى ئۆيىگە قايتقاندا، ئاياللار ۋە ئەرلەرنى تۇغماس قىلىش ئاخىرلاشقاندا، قىسقىسى، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا تارتىۋېلىنغان هەق - هوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەر قايتۇرۇپ بېرىلگەندە مۇمكىن بولۇشى مۇمكىن.**